# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2005 ـ يىل 3 ـ سان



(ئومۇمىي 89 ـ سان)


## گۈزەللىك تولدۇر، تولتۇزى تولدۇر

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئۆزگىرىشى ........................................ ھەسەنجان ئابلىز (1)

## كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر

دادام ئېيتقان ھېكايىلەر ........................ ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم (10)

## ساقلىنىش ـــ شاھلىنىش

مومامنىڭ شىپالىق دورىلىرى ...كامال ھېسامىدىنوف (قازاقىستان) (19)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇر تىلىدىكى «رەڭ» سۆزىنىڭ سېھىرگەرلىك ئۇقۇمى بىلەن باغلىنىشچانلىقى ................................. ئىمىنجان ئابدۇرېھىم (32)

## كۈلكە ـــ جان ئوزۇقى

ئەكرەم سېتىۋالدى لەتىپىلىرى................................ (35)

يۇمۇرلار ......................................... قەيسەر ئابلىكىم (57)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت ......... نوشىرۋان يائۇشېف (روسىيە) (38)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

بالىلىقتا قالغۇم بار...................................... (51)

تەگرىنىڭ زىيارىتى.......................................... (62)



باش مۇھەررىر:

**يۈسۈپ ئىسھاق**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**نۇرنىسا باقى**

تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:

**ئەسقەر مەخسۇت**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.

تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004- 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

باھاسى: 5.00 يۈەن

## ئاراك بازار ـ ئاراك بازار

ماركا ئېگى ۋە ئۇيغۇرچە ماركىلار ................. ئابدۇۋەلى ئايۇپ (53)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

رىۋايەتلەر.................................... ئېزىز قاسىم ياغ (59)

## بۇرۇنقىنىڭ بۇرۇنىسىدا

ئىككى بېخىل ............................................................ (63)

## كۆڭۈلنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئېشەكنىڭ دەردى ...................................................... (64)

بۆرە بىلەن قاغىنىڭ دوستلۇقى ........................................ (67)

ئالا نىيەتلىكنىڭ ئاقىۋىتى ......................... ۋاھىتجان غوپۇر (74)

دەريا بويىدا .......................................... ۋاھىتجان غوپۇر (75)

تۆز كۆلنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن پاقا ..................................... (76)

ئىككى پىلەك.......................................... ۋاھىتجان غوپۇر (77)

## دۇنياغا نەزەر

باللىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋالايلى.............................................. (65)

## ئادەت ـ ئېرپان

قومۇلدىكى مازارلار ....................................................... (68)

تاجىكلاردا توي ئالدىدىكى يۈيۈندۈرۈش ۋە تەرلەندۈرۈش ئادىتى......

............................ ئابدۇرەھىم نەۋرۇز (72)



«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولىدىكى قەلبداشلار كىتابخانىسى.

«مىراس» ژۇرنىلىنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ئەكبەر ئەپەندى بىلەن ئالاقىلىشىڭ!

تېلېفون نومۇرى: 2866182 ـ 0991

يانفون: 13999185171


### مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

### ئەسەر ئەۋەتىڭ


ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22ـنومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.


### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ


ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 ـ قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 ـــ 0991

پوچتا نومۇرى: 830001

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
主办：《美拉斯》编辑部（乌市友好南路22号文联14层）电话：4554017 印刷：新疆日报社印务中心 发行：乌鲁木齐邮局 订阅：全国各地邮局 国内统一刊号：CN65－1130/I 国外统一刊号：ISSN1004－3829 邮编：830001 代号：58－60 定价：5.00元


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: جۇڭگو خەلق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبراز ۋەكىلى ـــ ئادىل ھوشۇر

ئالىم خالىدىن فوتوسى

# ئۇيغۇر كيىم - كېچەك مەدەنيىتى ۋە ئۇنىڭ 20. ئەسردىكى ئۆزگرىشى



ھەسەنجان ئابلز

كىيىم ـ كېچەك ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زىننىتى، شۇنداقلا گۈزەللىك زوقىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي خاسلىقنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. بىر مىللەت تۈركۈمىنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى مەركەز قىلىپ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەندۈرگەن ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى شۇ مىللەت تۈركۈمىنىڭ ئۆزىگە خاس كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتى مەدەنىيەتنىڭ باشقا فورماتسىيىلىرىگە ئوخشاشلا بىر خىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ھەم ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان تەبىئەتتىن ھالقىش خاراكتېرىگە ھەم ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە دائىم گەۋدىلىنىدىغان ئورتاقلىق خاراكتېرىگە ئىگە. كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتى يەنە كۆپ مەنبەلىك ئېتنىك ۋارىسچانلىققا، سىمۋول ـ بەلگە خاراكتېرىگە ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كىيىم ـ كېچەكنى مەركەز قىلىپ شەكىللەنگەن فولكلور ھادىسىلىرى ئارقىلىق شۇ مىللەت تۈركۈمىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى يۈكسىلىش ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتىنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ تارىخىي تەسۋىرى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلىرى توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىش تەتقىقات تېمىسىنى تېخىمۇ كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ. شۇ مەنىدىن ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەدەنىيەت مەزمۇنلىرى ۋە تارىخىي تەسۋىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرسىز روشەنلىككە ۋە ئېنىقلىققا ئىگە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتى، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا، ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ ھەم رەڭدارلىشىپ كۈچلۈك مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان. شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ جىنس ئايرىمىسى، ياش قۇرامى، تەبىئىي شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ئۆزگىچە ئەنئەنە شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنيىتى مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم تارمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



شەكىللىنىشىنى خاسلىققا ئىگە قىلغان مەدەنىيەت ئامىللە-
رىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپكە خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شارائىت: ئىنسانىنىڭ
مەلۇم بىر خىل كىيىم - كېچەك ماتېرىيالىنى ۋە پاسونىنى
تاللىشى ئۇنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىۋى شەرت - شارائىتى
بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانىيەت كىيىم - كېچەك
مەدەنىيىتىدىكى بۇ خىل ئورتاقلىق تەبىئىي يوسۇندا يەنە
ھەرقايسى مىللەت كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى
ۋە پاسون ئالاھىدىلىكى جەھەتتىكى خاسلىقىنىڭ شەكىل-
لىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى
كىيىم - كېچەك قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى
ۋە شۇ يوسۇندا ئۆزگىچە مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنى
بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇقەررەركى، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ
ياشىغان تەبىئىي جۇغراپىيىۋى شارائىتىدىن ئايرىپ قاراشقا
بولمايدۇ. چۈنكى، شىنجاڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىزدىن يىراق، ھاۋاسى
قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ،
ھاۋارايى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تېز، جۇدۇن، شا-
مال - بوران كۆپ، قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى چوڭ بول-
غاچقا، بۇ يەردىكى كىشىلەر قۇرغاقچىلىققا، چۆل - باياۋان
ۋە ھەرخىل ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇكەممەل
ۋە يۈرۈشلۈك كىيىم - كېچەك تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈر-
گەن. ئەگەر تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى پاسىل قىلىپ، شىن-
جاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتىغا نەزەر سالىدىغان بول-
ساق، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق رايونى ۋە تەڭ-
رىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق رايونىدىن ئىبارەت
ئىككى تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك رايونغا بۆلۈنگەنلىكىنى
ھېس قىلىمىز.

تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇق-
لۇق كۆۋرۈكىنىڭ يايلاق بۆلۈكىگە توغرا كېلىدۇ. يەر
شارائىتى تەكشى، سۇ - چۆپ مول بولۇپ، قەدىمدىن بې-
رى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ سەلتەنىتىگە ھەمراھ بولۇپ
كەلگەن ۋە شۇ ئاساستا خاسلىققا ئىگە يايلاق مەدەنىيىتى-
نىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. يايلاق تۇرمۇشىدىكى
تەبىئىي جۇغراپىيىۋى شارائىت ۋە يايلاق مىللەتلىرىنىڭ
ئۈزلۈكسىز كۆچۈشى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم -
كېچەك ماتېرىيالى ۋە پاسونىنى تاللاشتا ئۇنىڭ سوغۇق ۋە
ئەملىكتىن ساقلىنىش، شامالدىن دالدىلىنىش شۇنداقلا دا-
لىدىكى تۈنەش، يىراق سەپەردىكى قولايلىق بولۇش ئا-
لاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشكە سەۋەب بولغان. نەتى-
جىدە يايلاق تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل ھايۋانات تېرىلىرىنى
ئاساس قىلغان مول كىيىم - كېچەك خام ماتېرىيالى ئۇ-
لارنىڭ ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغان خام ماتېرىيال مەنبە-
سىگە ئايلانغان ھەمدە تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە
خام ماتېرىيال تەييارلاشتىن پىششىقلاپ ئىشلەشكىچە
بولغان سىستېمىلىق كىيىم - كېچەك تەييارلاش ھالقىلىرى-
نى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئاساستا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ
نىسبەتەن ئورتاق بولغان كىيىنىش ئالاھىدىلىكىنى شە-
كىللەندۈرگەن. يەنى ئۈچىسىغا ھايۋانات تېرىسىدىن
ئىشلەنگەن ئۇزۇن تون ياكى چاپان - ئىشتان، بېشىغا
ئۈچلۈق ياكى يۇملاق شەكىللىك قالپاق ياكى تۇماق،
پۇتىغا ھەرخىل ھايۋانات تېرىلىرىدىن تەييارلانغان ئاياغ
كىيىملەرنى كىيىش يايلاق تۇرمۇشىدا ئاساسىي يۈزلىنىشنى
ئىگىلىگەن. چۈنكى يايلاق تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ كىيىم -
كېچەك ماتېرىيالى ۋە پاسونىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە
يول قويمايتتى. ئەگەر بۇ يەردە تەييارلانغان كىيىم - كې-
چەكلەر يايلاق تۇرمۇشى تەلەپ قىلغان ئەقەللىيسى، سو-
غۇقتىن مۇداپىئەلىنىش، تەننى ئىسسىق تۇتۇش رولىغا
ئىگە بولمىسا، ھەرقانچە ئېسىل رەختلىك كىيىم - كېچەك
نۇسخىلىرىمۇ يايلاق تۇرمۇشى تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ.
خەنزۇچە تارىخىي ۋەسىقىلەر ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن تېپىلغان تاش بالباللار بۇ سۆزلىرىمىزگە دە-
لىل - ئىسپات بولالايدۇ.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالى-
دىكى بوستانلىق رايونى مۇنبەت تۇپراق، كەڭ كەتكەن
تۈزلەڭلىك، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق قاتارلىق ئالاھىدى-
لىكلىرى بىلەن يايلاق رايونىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇ-
رىدۇ. تارىم دەرياسى ئاساسىدا غەربتىن شەرققە قاراپ
بارلىققا كەلگەن قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر بوس-
تانلىقى، تۇرپان، قومۇل، خوتەن، چەرچەن ۋە كىرورەن
بوستانلىقى قاتارلىق تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك رايونلاردا
ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكىدە قىشتا سوغۇقتىن
مۇداپىئەلىنىش، يازدا سالقىن بولۇش ئالاھىدىلىكى ھا-
زىرلانغاندىن باشقا يەنە شامالدىن دالدىلىنىش، قۇمدىن

مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىمۇ تەڭ نىسبەتتە ئېتىبارغا ئېلىن-
غان. بۇ رايوندا ياشىغۇچى كىشىلەر دېھقانچىلىق ۋە چار-
ۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كىيىم - كېچەك ماتېرىيـالى
تەييارلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى پىششىق
ئىگىلەپ، كىيىم - كېچەك پاسونى ۋە ماتېرىيالىدا ئىنچى-
كىلىك ۋە نەپىسلىك، كۆركەملىك ۋە سىپتىلىق ئۆلچەملى-
رىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن.
كىيىم - كېچەك مەھسۇلاتلىرىدىكى بۇ خىل يۈزلىـنىش
قەدىمدىن تارتىپ بىر خىل ئىزچىللىقنى ساقلاپ، ئۇيغۇر
ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىـنى
شەكىللەندۈرگەن.

ئىككىنچى، كۆپ مەنبەلىك ئېتنىك ئامىل: يىپەك يولى
مەيدانغا كەلگەندىن بېرى، نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ زېمىندا
ياشاپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قـالدۇرۇپ
كەلگەن. مەيلى بۇ زېمىندىكى سىياسىي كۈرەشلەر قانچە-
لىك ئۆتكۈر بولسۇن، ياكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئال-
ماشتۇرۇشى قانچىلىك قويۇق ياكى سۇس بولسۇن، ئۇلار
هامان بىر خىل مەدەنىيەت بەلگىسى بىلەن ئۆز ئىزلىرىنى
خاتىرىلەپ كەلگەن. ئىنسانىيەت كىيىم - كېچەك تەرەققى-
يات تارىخىدىن قارىغاندا، كىيىم - كېچەك ھەم تار مەنى-
دىكى مىللىيلىك خاراكتېرىگە، ھەم كەڭ مەنىدىكى ئومۇ-
مىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بىر خىل ئىستېمال
بۇيۇمى سۈپىتىدە ئۆز مىللەت كىشىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل
قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە بىر خىل مودا فورماتسىيـىسى
سۈپىتىدە باشقا مىللەت كىشىلىرى تەرىپىدىن تېزلىكـتە
ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك مە-
دەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئېتنىك تەركىبلىرى ھەققىدە
توختالغاندا، كىيىم - كېچەكنى باغلانما يىپ سۈپىتىدە قە-
دىمكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلـىدۇ.
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرى-
ياللار ۋە يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر كىيىم -
كېچەكلىرىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي قىياپىتى قـەدىـمكى
غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن
بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە تارىختا
ئۇيغۇرلار بىلەن قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىدە بـولـۇپ
كەلگەن يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلە-
رىگىمۇ باغلىنىشلىق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى بىلەن
بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي
قەۋملەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى تارىختىن بېرى بىر خىل
مەدەنىيەت ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل ئىز-
چىللىق مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك
مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئالاھىدىلىكىنى تېخـىمۇ
گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكـىدەك
خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

### 1. ئۆرە بۆككە بولغان ۋارىسچانلىق

ئۆرە بۆك قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ
كىيىم - كېچەكلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.
ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت
فورماتسىيىسى سۈپىتىدە يىپەك يولىدىكى قەدىمكى مىل-
لەتلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن. مەيلى تارىختا
قانچىلىك چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش بولسۇن ياكى مىل-
لەتلەرنىڭ كۆچۈشىگە قانچىلىك دەۋر بۆلگۈچ مۇساپى-
لەرنى باسسۇن، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللـەتـلـەر
ئۆرە بۆككە بولغان قىزىقىشىنى ياكى تېخىمۇ كونكرېت
ئېيتقاندا ئۆرە بۆككە بولغان ئېتىقادىنى ئىزچىل ساقلاپ
كەلگەن. غەربىي يۇرتتا بارلىققا كەلگەن ئۆرە بۆكلەرنىڭ
شەكلىگە قارىغاندا ئومۇمەن سېلىندىر شەكىللىك، ئېلمەك
شەكىللىك، سۇغا شەكىللىك ۋە ئۇستى يۇمىلاق شەكىللىك
ئۆرە بۆكلەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ. ئۆرە بۆك ھەققىدى-
كى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئۆرە
بۆكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يالغۇز ئۇنىڭ شەكلىدىكى غەي-
رىلىك خاراكتېرىدىن ئەمەس بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ئۆرە
بۆك ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئې-
تىقاد ئىزنالىرىنىڭ تارىخىي خاتىرىسى ئىكەنلىكىدىن بول-
غان. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۆرە بۆكنىڭ سىمۋوللۇق
مەنىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇياشقا ۋە ئوتقا بولغان
ئېتىقاد قاتلىمىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە چۈشەنسە، يەنە بىر
قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۆرە بۆكنىڭ شەكلىدىكى غەيرىلىكنى
شامان ئېتىقادلىرى بىلەن بولۇپمۇ «ھاياتلىق دەرىخى»
ھەققىدىكى ئېتىقاد ئىزلىرى بىلەن بىۋاستە بـاغـلايـدۇ.
قەشقەر رايونىدىكى يەكەن ۋە يېڭىسار ئۇيغۇرلىرى ئارد-
سىدا كەڭ ئومۇملاشقان «ئۆرە تۇماق» ياكى «پاپاق»
دىن ئىبارەت باش كىيىم شەكىللىرى قەدىـمـكى غـەربـىي
يۇرتتىكى مىللەتلەردە ئومۇملاشقان ئۆرە بۆك كىيىش ئا-
دىتىنىڭ بىۋاستە ۋارىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى
دەلىل - ئىسپاتلارنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە
خەنزۇچە يازما ۋەسىقىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### 2. تون، ئۆتۈك ۋە خەنجەر ئېسىشتىكى ئىزچىللىق

تون، ئۆتۈك ۋە خەنجەر ئېسىش ئىزچىللىقىنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇشىنى مەلۇم خىل ئېتىقادنىڭ ئىزناسى دېگەندىن
كۆرە تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئوخشاش تەبىئىي شارا-



ئىتنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ تاللىشىدىن بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىشقا ئىگە بولغان غەربىي يۇرتتىكى ساك، توخرىي، تۈرك مىللەتلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە نەقىش بار ئورۇنلارنىڭ مەسلەن، ياقا، پەش، يەڭ قاتارلىقلاردىكى سىممېترىكلىك ۋە بىردەكلىكنى ئورتاق تەبىئىي شارائىت ئاساسىدا شەكىللەنگەن نىسبەتەن مۇقىم بولغان ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى ئۇيغۇر سەھنە كىيىملىرىدىكى سىممېترىكلىككە ۋە ئىزچىللىققا ئىگە گۈل نۇسخىلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

### 3. ئۆرۈمە چاچقا بولغان ئىشتىياق

غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىر خىل مەدەنىيەت ئىزچىللىقى سۈپىتىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئۆرۈمە چاچنىڭ شەكىللىرى ياكى ئىككى ئۆرۈمە، ئۈچ ئۆرۈمە ۋە ياكى كۆپ ئۆرۈمە شەكىللىرى بىلەن نىسبەتەن مۇقىملىققا ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشتىن بۇرۇن، غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە ئوغۇل ـ قىز ئايرىماستىن، ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. نۆۋەتتە، شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىدىلا بۇ خىل ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئەنئەنىسى ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەت مەنىسىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر قىزلىرى ئارىسىدا ئۆرۈمە چاچنىڭ سانى ۋە شەكىللىرى ئارقىلىق شۇ قىزنىڭ نىكاھلىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى، پەرزەنتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى يوشۇرۇن سىمۋوللۇق مەنىدە ئىپادىلەيدىغان ئەنئەنىنىڭ بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ.

ئۈچىنچى، كۆپ مەنبەلىك دىنىي ئېتىقاد ئامىلى: دىنىي ئېتىقاد بىر خىل جەمئىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر يوسۇندا بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادىتىگە ئاز بولمىغان شەكلىي جەھەتتىكى پاسسىپ ياكى ئاكتىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى، زوروئاستېر دىنى، مانى دىنى، نېستورىئان

دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ تەسىرىدە، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى كىيىم ـ كېچەك سەنئىتى ۋە كىيىنىش ئادىتىدە ئوخشىمىغان دىنىي پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئىزلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك نەقىش نۇسخىلىرىدىكى ئەكس ئېتىشى، مانى دىنىدىكى دىنىي فورما ئاق رەڭلىك باش كىيىم ۋە ئاق پەرىجىنىڭ تەسىرى، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىدىكى چاچ چۈشۈرۈش ئادىتى. ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى ۋە ئەرلەرنىڭ سەللىسى قاتارلىقلار كىيىم ـ كېچەكنىڭ دىنىي ئېتىقاد شەكلىدىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلەيدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىلى 1000 يىلدىن ئاشقان ۋە بۇ جەرياندا ئىلگىرىكى ئېتىقاد ئىزلىرى سۇسلاپ، بىلگۈسىز دەرىجىدە يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كىيىم ـ كېچەك سەنئىتى ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ئېتىقاد ئىزلىرى دەۋر سىناقلىرىدىن ئۇتۇقلۇق سىرغىپ ئۆتۈپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن ھەمدە ئىسلام دىنىي يېپىنچىسى، تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىك ئۆلچەم شارائىتىدا ئۆزىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىگەن. شۇ مەنىدىن، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتكەن ئېتىقاد ئىزلىرىنى ئېنىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش يالغۇز مىللەتشۇناسلىق ئىلمى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە دىنشۇناسلىق ئىلمى جەھەتتىنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىپەك يولىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىختىن بىرى يىپەك سودىسىنى مەركەز قىلىپ شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشچانلىقى ۋە تەسىرچانلىقى مۇقەررەر يوسۇندا يۈز بېرىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۆز خاراكتېرى جەھەتتىن ئېيتقاندا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مەدەنىيەت بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىيىم ـ كېچەك جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىر مىللەت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى مەلۇم مەنىدىن مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەكلىك بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تارىختىكى تەسىر دائىرىسىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تارىختا يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرىسىدىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، يەنە كىيىنىشتىكى ئەپچىللىكى ۋە سىپتىلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ ئۆتكەن. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگونىڭ كىيىم ـ كېچەك تارىخىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئومۇمىي جەھەتتىن گۈللەنگەن ياكى قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن: بىرى، ئېلىمىزنىڭ يېغىلىق دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن جاۋ بەگلىكىنىڭ خانى ۋۇلىڭ خان مىلادىدىن بۇرۇنقى 302 ـ يىلى ئۆز ئېلىنى قۇدرەت تاپتۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان ھەربىي ئىسلاھاتىدا، ئەسكەرلەرنىڭ غۇزچە (ئۇيغۇرچە) كىيىم كىيىشىنى، ئوتتۇك كىيىشنى ۋە ئاتلىق ئوقيا ئېتىشنى يولغا قويغان. ۋۇلىڭ خاننىڭ بۇ تەدبىرى جۇڭگونىڭ كىيىم ـ كېچەك تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك كىيىم ـ كېچەك ئىسلاھاتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قېتىملىق ئىسلاھات دەسلەپكى چاغلاردا، گەرچە جاۋ بەگلىكىدىكى كونىلىق تەرەپتارلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، كۆپلىگەن قان تۆكۈلۈشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە كىيىنىشنىڭ تەسىرىنى توسۇپ قالالمىغان، چۈنكى ۋۇلىڭ خان كىيىم ـ كېچەك ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كىشىلەرنىڭ كىيىملىرى، جۈملىدىن ھەربىي كىيىم ـ كېچەكلەردە، ئۈستى كىيىم ۋە ئاستى كىيىم بىرلەشكەن شەكىلدىكى ئۇزۇن تۇتاش چاپان پاسونىدا تىكىلگەن كىيىملەر ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيتتى. بۇ خىل كىيىنىش ئۇسلۇبى ھەربىي يۈرۈش ۋە ئۇرۇشلاردا كۆپ قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ۋۇلىڭ خان ئۆز ئېلىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قات ـ قات توسقۇنلۇقلارغا قارىماي، پۈتۈن بەگلىك ئىچىدە غۇزچە كىيىنىشنى تەشەببۇس قىلغان، شۇنداقلا پۈتۈن ھەربىي قوشۇن ئىچىدە غۇزچە كىيىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. كېيىنچە جاۋ بەگلىكىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى كۈچىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، بولۇپمۇ خوتۇن ـ قىزلار ئارىسىدا غۇزچە كىيىنىشنىڭ بەدەن گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىشتىكى رولىغا بولغان تونۇشى ئۈسۈشكە باشلىغان ھەمدە تېز سۈرئەتتە كەڭ كۆلەملىك مودا

www.uyghurkitap.com

ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل غۇزچە كىيىنىش ئادىتى كېيىنچە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى ئوردا كىيىملىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. كىيىم ـ كېچەكتىكى بۇ خىل يۈزلىنىش شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ھەتتا شەرقىي خەن سۇلالىسى خانى خەنلىڭدىنىڭ شاھ بەزمىلىرىدە غۇزچە كىيىنىشى ئادەتكە ئايلىنىپ، پايتەخت لوياڭدىكى كىشىلەردە غۇزچە كىيىنىش شۇ ۋاقىتلاردا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان مودا ئېقىمغا ئايلانغان. ئىككىنچى قېتىملىق كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بولۇپ، بۇ ۋاقىتلاردا، غۇزچە كىيىنىش ئۇسلۇبى شاھ ئوردىسىدىن ئاۋام پۇقرالارغىچە سىڭىپ كىرگەن. كىشىنى جەلپ قىلىدىغان يېرى شۇكى، بۇ دەۋردە شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرى قۇرغان شىمالىي سۇلالىلەردىكى يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرى ۋە خان جەمەتىدىكى كىشىلەر غۇزچە كىيىنىش ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئۇسلۇبىنىمۇ مودا سۈپىتىدە قوللىنىپ كۆرگەن. ئەمما بۇ خىل كىيىنىش پەقەت ئىبادەت مۇراسىملىرىدىلا كۆرۈلۈپ، غۇزچە كىيىنىش يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئېقىم يۈزلىنىشىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۈچىنچى قېتىملىق كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت ئالاقىسى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ دەۋردە تاڭ سۇلالىسى ئالدىنقى شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۇمىلاق ياقىلىق تون ۋە ئۆتۈك كىيىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن غۇزچە كىيىملەرنى ئادەتتىكى تۇرمۇش كىيىمى قىلىپ كىيىشتەك كىيىنىش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن يىللىرىدىن كەييۈەن يىللىرىغىچە (627 _ 741) بولغان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، تاڭ سۇلالىسى پايتەختىنى مەركەز قىلغان ئاساستا، غۇزچە كىيىنىش جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك مودا ئېقىمى ۋە تەلىپىگە ئايلانغان. بۇ خىل يۈزلىنىش بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللار ئارىسىدا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان مودا ئېقىمىنى شەكىللەندۈرۈپ، تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەن خې يىللىرىغىچە (806 _ 820) داۋاملاشقان. تاڭ سۇلالىسىدىكى شائىر يۈەن جېن بۇ خىل يۈزلىنىشنى ئۆز شېئىرىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان،
..........................
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بىلەن غۇزچە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللىرىمىزدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئۆزئىچىگە ئالىدىغان تەتقىقات تېمىلىرى يالغۇز ئۇنىڭ تارىخىي تەسۋىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرى، پاسون ئالاھىدىلىكى، خام ماتېرىيال تەييارلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇلى، رەڭ قۇرۇلمىسى تۈپ نەقىش ئېلېمېنتلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنىسى، بەل ئاسقۇ، يان ئاسقۇ، بويۇن ئاسقۇ، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، رىسالە ۋە ئۇقۇش مۇراسىمى، مۇراسىم كىيىم ـ كېچەكلىرى، كىيىم ـ كېچەككە ئالاقىدار پەرھىزلەر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ۋە تىل ئادەتلىرى، كىيىم ـ كېچەك ئاتالغۇلىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى تەتقىقات مەزمۇنلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تەسىرىدىكى ئۆزگىرىشى ۋە ساقلىنىش ھالىتىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا 20 ـ ئەسىردەك بۇنداق كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەسىر بولمىسا كېرەك. بۇ ئەسىر ئىنسانىيەتكە يالغۇز ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئىنسان بىلىمىنىڭ چەكلىكلىكى، شۇنداقلا تەپەككۇر ۋە ئەقلىنىڭ بۈيۈكلۈكى، تەبىئەت سىرلىرىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ئېنىق ئۇقتۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ چوڭ سەھنىسى دۇنيادىكى مىللەتلەرنى ئىلغار ياكى قالاق دەپ ئايرىپ ئولتۇرماستىن، بىر ئورتاق مەيداندا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دىئالوگ ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. مەدەنىيەتلەر دىئالوگى ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئالدى بىلەن ئىستېمال فولكلورىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇ مەنىدىن كىيىم ـ كېچەك مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەتلەر دىئالوگىدا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ «ۋاكالەتچىسى» رولىنى ئۆتەيدۇ. مەدەنىيەتلەر دىئالوگىغا قاتناشقان مىللەتلەر كىيىم ـ كېچەك ئارقىلىق بىر-



بىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئۇچۇرىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ۋاستىسىدە قارشى تەرەپنىڭ باشقا مەدەنىيەت مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنى ئويلىشىدۇ. تۈپ مەنىدىن ئېيتقاندا، 20 ـ ئەسىردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋاستىسى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت دىئالوگىنى ئەمەلىيەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىغا يەنى غەرب كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى بىلەن مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى رەت قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش، تەسىر، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش قاتارلىق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇش رىتىمىغا نىسبەتەن ماسلىشىشچانلىقىنىڭ يۇقىرىلىقى، تۇرمۇشقا قۇلايلىقى ۋە خىزمەتتىكى يارىشىملىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ «شىم كاستۇم» دېگەن ئومۇمىي نامدا مىللىي كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە خىرىس ئېلىپ كېلىشى ۋە تەدرىجىي يوسۇندا مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان خەلقئارالىق ئېقىمغا ئايلاندى. غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى، زامانىۋى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە تەپەككۇر قېلىپى غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىردە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يەر شارىلاشقان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيەت ئۆلگىسى بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش ياكى كىيمەسلىك قىسمەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە كىينگۈچىنىڭ ھازىرقى زامان ئىدىيىسىگە ئىگە بولغان ـ بولمىغانلىقى، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ زامانىۋى ئادەم بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەردىن بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلانغان 500 يىلغا يېقىن بېكىنمىچىلىك ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن مەستخۇش بولۇش مەزگىللىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مەستخۇش ھالەتتە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بۇ ئەسىردە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان دىئالوگنى باشلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭگودىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەردىن ھازىرقى زامان كىيىملىرىگە ئۆزگىرىشتەك كىيىم ـ كېچەك ئىنقىلابىنى بېشىدىن كەچۈردى.

www.uyghurkitap.com



19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن سودا ۋە ئوقۇش مەقسىتى بىلەن چەت دۆلەتلەرگە چىققان بىر قىسىم ئالدىن ئويغانغان كىشىلەر غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى بولغان غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى زامانىۋى ئالغ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تېزلىكتە قوبۇل قىلدى. غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن فىزىئولوگىيىلىك گۈزەللىك ۋە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدىغان فىگۇرا گۈزەللىكى يات ئەللەردە يۈرگەن ئۇيغۇر زىيالىي ۋە تىجارەتچىلىرى ئارىسىدا غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈردى ھەمدە بۇنى زامانىۋى مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئۆز يۇرتلىرىدىكى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلار ئۈستىگە شىم ـ كاستۇم، غەربچە شلەپە ۋە پارقىراپ تۇرغان شىبلىتلارنى كىيىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقىنىدا، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ھەتتا ھاڭ ـ تاڭ قېلىش ۋە ھېيىقىش، چەتكە قېقىش، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراش قىسمەتلىرىگە دۇچ كەلدى. غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن بولغان بۇخىل مەدەنىيەت دىئالوگى 30 ـ يىللاردا شىنجاڭ رايونىدا ئەۋج ئالغان «جەدىدىزىم» ھەرىكىتىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. كونا ئىدىيىلەر ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، غەرب ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىش ۋە مىللەتنى مەھكۇملۇق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بۇ قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ئالدى بىلەن غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۇسلۇبىدا كىيىنىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن باشلاندى. ھەتتا كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن كىيىنىش ياكى كىيىنمەسلىك زامانىۋىلىق ياكى قالاقلىقنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغاندى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى قىلىنغان بۇ قېتىملىق مەدەنىي ئويغىنىش تاكى ئازادلىقتىن كېيىنكى 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىغا قەدەر داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا زىيالىيلار قاتلىمى ئىلغار كۈچ سۈپىتىدە غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئۆلگىسى ۋە تەشۋىقاتچىسى بولۇپ كەلدى. ھەتتا بۇ ۋەزىيەت جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ «قىزىل رەڭلىك ئوتلۇق دەۋرلىرى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئاق، سېرىق ۋە كۆك رەڭدە بىر تۇتاش كىيىنىشى» مودا بولغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىمۇ ئۆز ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە بىر مەزگىل سىياسىي مۇھىت سەۋەبىدىن غەربچە كىيىنىش «كاپىتالىزمنىڭ بەلگىسى» سۈپىتىدە چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىكەندىن كېيىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ مودا ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى.

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىكەندىن بېرى، ھازىرقى زامان ئۇچۇر ۋاستىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، ھازىرقى زامان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلەپ كىرىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا زور سىلكىنىش ۋە تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ 90 ـ يىللاردىن بېرى تېخىمۇ گەۋدىلەنگەن يەر شارىلىشىش ۋەزىيىتى ۋە ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ شەھەر مۇھىتىدا ياشاۋاتقان مىللىي تۈركۈمنىڭ سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە قوبۇل قىلىشىنى تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ تېزلەتتى ھەمدە بۇ خىل يۈزلىنىش ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىش ھالىتىنى رەسمىي يوسۇندا شەكىللەندۈردى. ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئىلگىرى، شۇ سەۋەبلىك ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ تەڭ نىسبەتتە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا قارىغاندا تېز بولدى. شىمالىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىكى بۇ خىل تېز ئۆزگىرىشنىڭ رېئال سەۋەبىدىن تاشقىرى يەنە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تارىخىي ئاساسى بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشتىكى كۆزنەكلىك رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت ئاھالىسىنىڭ 80% نى ئىگىلىگەنلىكى ھەمدە ھازىرقى زامان ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى ۋە قاتناش ئەسلىھەلىرىنىڭ بىر قەدەر قالاق بولۇشى سەۋەبلىك، ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ غەرب كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ شەھەردىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن ئاجىزراق بولدى ھەمدە ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار نىسبەتەن ياخشى نىسبەتتە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ساقلىغۇچىسى ۋە داۋاملاشتۇرغۇچىسى بولۇپ كەلدى. ئەمما ئوبيېكتىپ جەھەتتىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھازىرقى زامان كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئورۇن بوشىتىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەرخىل ئەنئەنىۋى

باش كىيىملەرنى كىيىش قىسمەن جەھەتتىكى (ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار) ئومۇمىيلىقنى ساقلاپ قالغاندىن تاشقىرى، باشقا ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرى مەسلەن، چاپان ـ ئىشتان، چاچ ئۆرۈش ئادىتى ۋە ئاياغ كىيىم تۈرلىرى ئالاھىدە ئېھتىياج سەۋەبىدىنلا بولمىسا ئاساسەن كىشىلەر تەرىپىدىن كىيىلمەيدىغان بولدى. كىشىلەر كۆپىنچە تەييار ۋە باھاسى ئەرزان كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋېلىپ كىيىشكە يۈزلەندى.

ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

كىيىم ـ كېچەك ماتېرىيالى ۋە رەڭگىگە بولغان تاللاش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى تەييار كىيىم مەھسۇلاتلىرى ۋە مودا كىيىملەرنىڭ كۆپىيىشى شۇنداقلا كىيىم پاسونىنىڭ غەربلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدە بىر يۈرۈش كىيىم ـ كېچەكنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىش تەرتىپى ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ (مەسلەن، ئاياغ كىيىمى ئۈچۈن ئېيتقاندا كۆنچى، بوياقچى، موزدوز قاتارلىق كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تەرتىپلىك ئىش جەريانى) ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇ مەنىدىن، ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىگە بولغان تەلەپنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تاللاش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر يوسۇندىكى تەمىنلەش تەلەپكە يېتىشەلمەسلىك ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك ئۇستىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئۆز كەسپىنىڭ ئېتىبارىمۇ شۇ نىسبەتتە يۇقىرىلايدۇ. ئەمما ھازىرقى زامان تەييار ۋە ئەرزان كىيىم ـ كېچەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تاللاش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، بۇرۇنقىدەك كۆپ ۋاقىت ۋە زېھىن تەلەپ قىلىدىغان ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىگە بولغان تەلەپمۇ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئىقتىسادنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە يەر شارىلىشىشى ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرگە ئورۇن بوشىتىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ ۋە مۇقەررەر يوسۇندا ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرگە زامانىۋى كىيىم ـ كېچەك ئامىللىرىنى ئۆزگە سىڭدۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ مۇراسىم كىيىملىرىگە ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. چۈنكى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرى قەدىمدىن بۇيان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنلىرى سۈپىتىدە تەكىتلىنىپ، مۇراسىم كىيىملىرىنىڭ ئۆمۈر مۇراسىملىرىدىكى گەۋدىلىك رولىمۇ شۇ نىسبەتتە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلدى. مۇراسىم كىيىملىرىنىڭ مۇۋاپىق ئۆلچەمدە تىكىلىشى ۋە بىرلىككە كېلىشى ئۆمۈر مۇراسىملىرىنىڭ مۇراسىم تۈسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرىدۇ. شۇنداقلا مۇراسىمغا قاتناشقۇچىنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى مۇراسىم كىيىملىرى شەھەرلەردىن سىرت كەڭ يېزىلاردا تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە ئۆزىنىڭ بىر قەدەر نىسپىي تۇراقلاشقان كىيىلىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. ئەمما 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ زامانىۋى تەرەققىيات، غەربچە ئاڭ بۇ خىل نىسپىي تۇراقلاشقان كىيىلىش ھالىتىنىڭ ئورنىغا ئاستا ـ ئاستا غەربچە كىيىنىش ئۇسلۇبىنى دەسسەتتى. توي ـ تۆكۈن مۇراسىملىرىدىكى قىز ـ يىگىتنىڭ توي كىيىملىرى قىزنىڭ ئاق رەڭلىك توي كىيىمى، ئوغۇلنىڭ شىم ـ كاستۇم كىيىش شەكلىدە نىسپىي مۇقىملاشتى ۋە كەڭ دائىرىلىك ئومۇملىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئەمما بۇ خىل ئەھۋال ئۆلۈم ـ يېتىم، خەتنە توي ۋە بۆشۈك توي مۇراسىملىرىدىكى مۇراسىم ئىگىسىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدە يەنىلا نىسبەتەن مۇقىم ھالدا ئەنئەنىۋىلىك ئامىللىرىنى ئۆزىدە كۆپلەپ ساقلاپ كەلدى. مەسلەن، قارىلىق باغلاش ئادەتلىرى، مېيىتنىڭ كىيىمسىز ھالدا كېپەنلىككە ئورىلىشى، قارىلىق سۇندۇرۇش ئادەتلىرى، بۆشۈك توي ۋە خەتنە توي مۇراسىملىرىدىكى ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بالىنى كىيىندۈرۈش، چاچ قويۇش ئادەتلىرى ۋە باشقىلار ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىمىزنىڭ نىسپىي مۇقىم ئامىللىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى.


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①شېن سۇڭۋېن: «جۇڭگو كىيىم ـ كېچەك تارىخى»، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى.

②دۇەن مېي: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1 ـ ئاي.

③چېن گوخۇا: «جۇڭگو ئۆرپ ـ ئادەت تارىخى» شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.


ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، فولكلور پەنلەر دوكتورى.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




2005.3

ئىلاۋە:

«ئىلى تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ ئىلمىدىكى ھەممە ئىلىم ئىگىلىرىگە ناتونۇش بولمىسا كېرەك. ئاۋام ئارىسىدىمۇ «ئىمىن تارىخ» دەپ نامى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بۇ كىشى 1897 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1903 ـ يىلىدىن 1908 ـ يىلىغىچە تائالىيە مەكتەپتە مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇمۇتائالىي خەلپەم قولىدا، كېيىن ئىلىدىكى «خانىقا مەكتەپ»، «ناغىرچى مەكتەپ»لەردە ئوقۇغان.

ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 1912 ـ يىلى 6 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدىكى سەككىز ئۆيلۈكلەر قاتارىدا دادىسى باھاۋۇدۇن موھىدىن بىلەن بىرگە چاپچال خۇنخاي يېزىسىغا بېرىپ ماكانلىشىدۇ. خۇنخاي شۇ مەزگىللەردە ئىلىدىن يەتتە سۇغا، يەتتە سۇدىن ئىلىغا ئۆتۈپ سودا قىلىدىغان كارۋان ھارۋىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئاۋات جاي ئىدى.

باھاۋۇدۇن ئائىلىسى خۇنخايغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن ئىمىنجان جۇجاڭگۇ ئىسىملىك خەنزۇ سودىگەرنىڭ ئات باقارى بولىدۇ. 1916 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىدا ئىمىنجان جۇجاڭگۇدىن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى، جۇجاڭگۇنىڭ رۇس ئايالى ناتاشادىن رۇس تىل ـ يېزىقىنى پىششىق ئىگىلەيدۇ ۋە ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، تارىخ ئىلىملىرىدىن باشقا رۇسچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە، قازاقچە، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، ئون نەچچە تىلنىڭ ئۇستىسى بولۇپ قالىدۇ (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە 24 خىل تىل ـ يېزىقنى بىلەرمىش). ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن ئىمىنجان باھاۋۇدۇن 1916 ـ يىلى جەمئىيەتتىكى

*ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە يار ـ يۆلەكتە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن خۇنخاي مازىرىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ «ئاقارتىش مەكتەپى»نى ئاچىدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.*

*ئىمىنجان باھاۋۇدۇن خۇنخايدا ياشىغان نەچچە ئون يىل ئىچىدە خەلق ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان ماقال ـ تەمسىل، چۆچەك ـ رىۋايەتلەرنى تەپسىلىي يىغىپ، خاتىرىلىگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى (يەنى 313 پارچە ماقال ـ تەمسىل) 1949 ـ يىلى ئىلىدىكى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ ئۈچىنچى سانىدا، 1957 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىنىڭ 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ سانلىرىدا ۋە 1958 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان كىرىش سۆزىگە: «ئىمىنجان ئاكا 3000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ھايات ۋاقتىدا ئۇنى مەتبۇئات ئارقىلىق خەلققە تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخ ئاكا مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى (1967 ـ يىلىدىكى) ئەنسىزچىلىك تۈپەيلى غۇلجا شەھەر ئالتىشۇئار مەھەللىسىدىكى قورۇغا كۆمۈپ قويغان ئۇشبۇ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى توپلامى چىرىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى ئەۋلادلار قولىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ كېلەلمىدى. نۆۋەتتە ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدۇن ئاكا ئەينى چاغدا دادىسى ئىمىنجان باھاۋۇدۇن تارىخنىڭ جۇجاڭگۇغا ئات باقارلىق قىلغان مەزگىللەردە ماناقىيلار (ئەينى چاغدا كېچىسى ئات بېقىپ كېلىشىنى «ماناق» دەيتتى)دىن ئاڭلىۋالغان ھېكايىلىرى ۋە ئېرىندەي خاتىرىلىگەنلىرىدىن يادىدا قالغانلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.*

ـــتەييارلىغۇچىدىن

## ساقلىدىن ئايرىلغان ئىمام

ئەينى يىللاردا سىرتقا چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ناھايىتى ئاز كىشىلەرگە نېسىپ بولاتتى.

بىر تالىپ بۇخاراغا چىقىپ ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بوپتۇ. ئەمما ئۇ ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇستازىغا:

ـــتەقسىر ئۇستاز، مەن ئوقۇپ كامالەتكە يەتتىم، ئىلمىم توشتى، ماڭا دۇئا بەرسىلە، ـ دەپتۇ. موللام:

ـــسەن تېخى ئىلىمدە مۇقامىغا يەتمىدىڭ. يەنە ئۈچ يىل ئوقۇشۇڭ كېرەك، ـ دەپتۇ. لېكىن تالىپ ئېچكە كىرمەي موللامدىن دۇئا ئېلىپ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ كىچىك بىر مەھەللىگە چۈشۈپتۇ. بۇ مەھەللىدىكىلەر بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىكەن.

نامازدىن كېيىن ھېلىقى تالىپ ئۇلارنىڭ ئايىغى ساقاللىق ئىمامىدىن:

ـــتەقسىر، سىلىنىڭ ئىمام بولغانلىقلىرىغا نەچچە يىل بولدى؟ـــدەپ سوراپتۇ.

ـــئىنشائاللا قىرىق يىل بولدى،ـــدەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىمام.

ھېلىقى تالىپ ئەپسۇسلانغان ھالدا:ـــۋاي ئېسىت، قىرىق يىلدىن بېرى قىلغان ئىبادەتلىرى بىكارغا كېتىپتۇ،ـــدېيىشىگە ھەممە جامائەت ئۆكتە قوپۇپ كېتىشىپتۇ. ئەسلىدە ئىمامنىڭ تىلى ئازراق كەمتۈك ئىكەن. شۇڭا ناماز سۈرىلىرىنى ئاز ـ تولا چالا ئوقۇپ قويغانىكەن.

«بىزنىڭ ئىمامىمىزنى قاربلايدىغان نېمە ھەققىڭ بار؟» دېيىشكەن جامائەت ھېلىقى تالىپنى ئۇر ـ ئۇر قىلىپ كەلگەن يېرىگە ھەيدىۋېتىپتۇ. تالىپ ھوشىنى تېپىپ:

دەرۋەقە، ئۇستازىم مېنى «سەن تېخى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى كۆردۇڭ، مۇقامىغا يەتكىنىڭ يوق» دېگەنىدى. راست چالا ئىكەنمەن، دەپ ئۇستازىنىڭ يېنىغا بېرىپ يەنە ئۈچ يىل ئىلىم تەھسىل قىپتۇ. ئوقۇشىنى تولۇق تاماملاپ يەنە ھېلىقى يۇرتقا بېرىپ جامائەتنىڭ نامىزىغا داخىل بوپتۇ. نامازدىن كېيىن تالىپ ئىمامدىن:

ـــھۆرمەتلىك ئاخۇنۇم، ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقلىرىغا نەچچە يىل بولدى؟ـــدەپ سوراپتۇ. ئىمام:

ـــئىنشائاللا خۇدا خالىسا 43 يىل بولدى،ـــدەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تالىپ:

ـــيائاللا، بىزنىڭ بۇخارادا 40 يىلدىن ئاشقان ئىمامنىڭ بىر تال مويى تەۋەررۈك،ـــدەپ ئىمامنىڭ بىر تال مويىنى تارتقانىكەن. ئىككى يۈزدەك جامائەت بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىمامنىڭ ساقىلىنى يۇلۇپ كۇسا قىلىپ قويۇپتۇ. ساقىلىدىن ئايرىلغان ئىمام سەللە بىلەن يۈز ـ كۆزىنى ئورىۋاپتۇ ۋە:

ـــھۆرمەتلىك مېھمان، سىلىنىڭ خېلى بىلىملىرى بار ئوخشايدۇ. مەسىلەن بولۇپ قالسىلا، ئىمامەتچىلىك

سىلىگە قالدى. مەن قۇشناچىمنىڭ قېشىغا چىقاي،ـــ دەپ ھېلىقى تالپىقا مەسچىتنى بوشىتىپ بېرىپتۇ.

**بۆلگۈچىگە ئاز بولدى، ئاز بولسىمۇ غاز بولدى**

تاڭ ئاتقۇچە نان دەپ يىغلىغىلى تۇرغان ئىككى بالا ئانىسىنىڭ ھالىنى قويمىغانىدى. دادىسى بالىلىرىنى بەزلەپ:

ـــ ئارزۇلۇق بالىلىرىم، ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە ھازىر بىر نەرسە تېپىپ پىشۇرۇپ بېرىمەن،ـــ دەپتۇ ۋە ئايالىغا ھال ئېيتىپتۇ:

ـــ ئانىسى، بىزدە بار ـ يوقى بىر تاللا غاز بار، ئۇنى سويۇپ يېسەك بىر ۋاخ تاماققا ئاران يېتىدۇ. شۇڭا «تاشقا چاچ، بەختىڭنى ئاللادىن تىلە» دەپتىكەن. يەنە بايلارنىڭ ئالدىغا يالۋۇرۇپ بارغۇچە، مۇشۇ غازنى ئاپىرىپ يۇرتىمىزنىڭ ھاكىمىغا تارتۇق قىلسام قانداق؟ بەلكى مەردلىكى تۇتۇپ كېتىپ بىر مۇنچە ئىنئام بېرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس.

دادا بالىلارنىڭ ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىپ، غازنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە ھاكىمنىڭ ھويلىسىدا تەق بوپتۇ.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھاكىم دادا ياخشىمۇ سىز؟

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قەيسەر يىگىت، بۇياققا قەدىمىڭ يېتىپ قاپتىغۇ؟

ـــ ھاكىم دادا، ئىككى بالام ۋە ئانىسى بىلەن تۆتىمىزنىڭ ئارىسىدا بالامدەك بېقىلىۋاتقان بار ـ يوقى بىر تاللا غېزىم بار ئىدى. بىز يېسەكمۇ يەپ تۈگىتىۋېتىمىزكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ھاكىم ئاتىمىزنىڭ يۇرت ئىچىدە ھۆرمىتى چوڭ، ئېغىز تەگسۇن دەپ نەپسىمىزدىن كېچىپ كەلدۇق...

ـــ ئەي يىگىت، سېنىڭ مەرد، قەيسەر ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. شۇڭا بۇ غېزىڭنى سويۇپ بىز ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز، ئايالىم ئالتىمىزگە رازى بولغىدەك تەقسىم قىلىپ بەر، تەقسىماتىڭ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقسا، ساڭا بېرىدىغان مۇكاپاتىم بار...

يىگىت ھاكىمنىڭ تەكلىپى بويىچە پىچاقنى قولىغا ئېلىپ «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ غازنىڭ بېشىنى كېسىپ ھاكىمغا:

ـــ ھاكىم ئاتا، سىز يالغۇز خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ چارچىدىڭىز، يۇرت ئاتىسىغا ئەلۋەتتە غازنىڭ بېشى مۇۋاپىق،ـــ دەپتۇ. ئاندىن غازنىڭ بويىنىنى ھاكىمنىڭ ئايالىغا سۇنۇپ.

ـــ ھۆرمەتلىك ئاغىچا ئانا، سىز ئۆينىڭ ئىشىنى قىلىپ جىق چارچىدىڭىز. سىزنىڭ بويىنىڭىزدا ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى بار، ئەلۋەتتە غازنىڭ بويىنى سىزگىلا مەنسۇپ،ـــ دەپتۇ

ـــ مانا بۇ غازنىڭ قانىتى،ـــ دەپتۇ يىگىت ھاكىمنىڭ قىزلىرىغا قاراپ،ـــ سىلەردەك ئۇچۇرۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان قۇشلارغا مانا مۇشۇنداق قاناتلار تولىمۇ مۇۋاپىق.

ـــ مانا بۇ غازنىڭ پۇتى،ـــ دەپتۇ يىگىت ھاكىمنىڭ ئوغۇللىرىغا قاراپ يەنە،ـــ بۇ پەقەتلا سىلەردەك يىگىتلەرگە مەنسۇپ، چۈنكى سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن باسىدىغان ھايات مۇساپەڭلار ناھايىتى مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك. ئاندىن يىگىت قالغان قىسمىنى ھاكىمغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـــ ھاكىم ئاتا، بۆلگۈچىگە ئاز بولدى، ئاز بولسىمۇ غاز بولدى،ـــ دەپتۇ. يىگىتنىڭ ئادىل تەقسىماتىدىن مەمنۇن بولغان ھاكىم ئۇنى نۇرغۇن ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلاپتۇ.

ناھايەت، بۇ يىگىتنىڭ بىر قوشنىسى بولۇپ، ئۇ ھەم باي، ھەم بېخىل ئىكەن. ئۇ يەنە كىشىنىڭ تاپقىنىنى كۆرەلمەيدىغان، ئۆزىدە بارنى يېيەلمەيدىغان، ئىچى تار، پىخسىق ئىكەن. بېخىل باي يىگىتنىڭ شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشكىنىگە قاراپ ئولتۇرالماي قاپتۇ.

ـــ ئەي قوشنا، سېنىڭ بىر تاللا غېزىڭ بار ئىدى. شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە قانداق ئېرىشتىڭ؟ـــ دەپ سوراپتۇ باي بىركۈنى.

ـــ راست شۇنداق، بىر غېزىم بار ئىدى،ـــ دەپتۇ يىگىت جاۋابەن،ـــ مەن ئۇنى ھاكىم دادامغا سوۋغا قىلدىم. ھاكىم دادام بىر تال غېزىم ئۈچۈن بىر مۇنچە سوۋغىلارنى ئىنئام قىلدى. «ھە، بىر تال غاز ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئىنئام بەرسە، مەنمۇ ئۆيدىكى بەش غېزىمنى ھاكىمغا سوۋغا قىلمايمەنمۇ؟» دەپ ئويلىغان باي بەش غېزىنى كۆتۈرۈپ ھاكىمنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

ھاكىم بايغىمۇ ئىلگىرىكى قائىدىسى بويىچە «قانداق تەقسىم قىلىسەن؟» دەپ پىچاقنى تۇتقۇزۇپتۇ. باي پىچاقنى تۇتۇپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ـــ مالڭ، قوشناڭنى باشلاپ كەل،ـــ دەپتۇ ھاكىم.

يىگىت غازلارنى يۇقىرىقى قائىدىسى بويىچە سويۇپ ئالدى بىلەن بەش غازنىڭ بېشىنى ھاكىمغا، ئاندىن

قۇشناچىم ۋە ئوغۇل ـ قىزلارغا بويۇن، پۇت ـ قوللىرىنى تەقسىم قىلىپ، بەش غازدىن لوق گۆشنى ئۆزىگە تەقسىملەپتۇ. ھاكىم يىگىتتىن ئىلگىرىكىدەكلا رازى بولۇپ كاتتا ئىنئام بېرىپتۇ. باينى بولسا ھويلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

### تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغرىلىق قىلىشى

بىر كۈنى كېچىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان پۇقراچە ياسىنىپ، ئۆزى يالغۇز شەھەرنى ئايلانغىلى چىقىپتۇ. شەھەرنىڭ پىنھان كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پادىشاھ بىر ئۆينىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ دېرىزە يېنىغا كەلسە، بىر نەچچەيلەن پەس ئاۋازدا شىۋىرلىشىۋاتقانىكەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان تازا زەن سېلىپ تىڭشىسا، بۇ ئالتە ئوغرى خان ئوردىسىدىكى خەزىنىنى قايسى ئۇسۇل بىلەن ئوغرىلاش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان تاپ بېسىپلا ئۆيگە كىرىپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن ئوغرىلار:

—سەن كىم؟ بۇ كېچىدە ئۆيىمىزگە نېمە دەپ كىردىڭ؟—دېيىشىپتۇ ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى چەمبەرچاس باغلاپ قىيىن ـ قىستاققا ئاپتۇ. تۇغما چېچەن ۋە باتۇر تۇغلۇق تۆمۈرخان تەمكىنلىك بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپتۇ.

—بۇرادەرلەر، مەن سىلەرنىڭ ئارقاڭلارغا چۈشكەن پايلاقچى ئەمەس. بەلكى سىلەرنى پەرغانىدىن ئىزدەپ كەلگەن سەرگەردانمەن. ئۆزۈم يالغۇز ئوقەت قىلىپ يۈرۈپ «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمايدىغان»لىقىنى تونۇپ يەتتىم. سىلەرنىڭ نامىڭلارنى بۇخارادىن تارتىپ ئاڭلاپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇچۇرۇڭلارنى ئىزلەپ يۈرەتتىم. خۇدايىم بۈگۈن مېنى سىلەرگە ئۇچراشتۇردى. مېنى قاتارىڭلارغا ئېلىشىڭلارنى، سىناپ كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

—قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟

—ھەرقانداق ئىشقا سالساڭلار يارايمەن. ئۆزۈم قاۋۇل ھەم ئەقلىم بار. مەسلىھەتچىم، ھەمراھىم يوق بولغاچقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدىم.

—گەپ سۆزۈڭگە قارىغاندا ئىشقا يارايدىغان يىگىتتەك كۆرۈنىسەن،—دەپتۇ ئوغرىلار،—ئۇنداق بولسا ساڭا ۋەزىپە يۈكلەيمىز. ئورۇندالساڭ ئارىمىزغا قوشۇپ ئالىمىز.

—قېنى ۋەزىپەمنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

—ساڭا بىر كىشىنى قوشۇپ بېرىمىز. ئوردىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق تەكشۈرۈپ، ئوردا خەزىنىسىنى قانچە ئادەم ساقلايدۇ، قەيەردىن ئوردىغا كىرىپ، تامنى قەيەردىن تېشىمىز، ئۇقۇپ كېلىسەن. ھەمراھىڭ سەندىن بىر نەچچە قەدەملا نېرى ماڭىدۇ... مۇشۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، تولۇق مەلۇمات ئەپ كېلەلىسەڭ، سېنى ئارىمىزغا ئالىمىز...

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوغرىلار بۇيرۇغان ۋەزىپىنى ئۇلار ئويلىغاندىنمۇ ئوبداق ئورۇنداپتۇ. نەتىجىدە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالتە ئوغرى قاتارىدا خەزىنىگە ئوغرىلىققا چۈشۈپ يەتتىسى يەتتە تۇلۇم ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ، بۆلۈشۈپ تارقىلىپتۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان بىر تۇلۇم ئالتۇننى كېچىسى ئوردىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يېرىم كېچە، قاراۋۇللار ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ، بارلىق خەزىنىدىن ئايرىلدۇق دەپ شاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ:

—ئوبدان ئىزدەڭلار، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، خۇن تۆكۈشكە رۇخسەت يوق،—دەپ يەنە خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ئوردىدا كاتتا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. زىياپەتكە بارلىق ئەمەلدارلارنى ۋە باشقىلارغا تونۇش بولمىغان ھېلىقى ئالتە ئوغرىنىمۇ بىرگە چاقىرىپتۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان زىياپەت باشلانغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

—ھۆرمەتلىك مۆمىن قېرىنداشلار، ئۆتكەن كېچە ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن يەتتە تۇلۇم ئالتۇن ئوغرىلاندى. تېخى ھېچ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. لېكىن مەن مەيلى ئەمەلدارلارنى بولسۇن، مەيلى ئوغرىلارنى بولسۇن ۋە مەيلى قاراۋۇللارنى بولسۇن قەتئىي جازالىماسلىقنى جاكارلايمەن.

پادىشاھنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سورۇن ئەھلى ئېسەنگىرەپ قېلىشىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ سورۇن ئەھلىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ ھەممە ئىشنى ئاشكارىلاپتۇ:

—ئوغرىنىڭ بىرىنچىسى مەن. ئىسپاتىم ئاخشام ئوغرىلىغان بىر تۇلۇم ئالتۇن مانا، ئاخشامقى سەپداشلىرىم سىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش ئالتە تۇلۇم ئالتۇننى خەزىنىگە قايتۇرۇڭلار...

سورۇن ئەھلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوردىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر تۇلۇم ئالتۇننى كۆرۈپ تېخىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ.

—مەن سىلەرنىڭ باتۇر، غەيرەتلىك ھەم ئەقىللىق كىشىلەر ئىكەنلىكىڭلارغا قايىل بولدۇم،—دەپتۇ پادىشاھ ھېلىقى ئالتە «مېھمان»غا قاراپ،—سىلەرنى جازالىمىدىم بەلكى خانلىق ئەمەلدارلىرى قىلىپ بەلگىلىدىم. چۈنكى بىرى، سىلەرنىڭ ئامالسىزلىقتىن ئوغرىلىق قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بايقىدىم. يەنە بىرى دۆلەت خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا چۈشكىدەك جاسارىتىڭلارغا قايىل بولدۇم. سىلەر ئوغرىلىق قىلدىڭلار، لېكىن خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلمىدىڭلار، شۇڭا سىلەرگە ئاشلىق، چارۋا، خەزىنە، ئوردا ئىچى، ئوردا سىرتى ۋە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىكىنى تاپشۇردۇم.

ئالتە ئوغرى پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپتۇ.

—ھۆرمەتلىك خان ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزدۇق. بىز ئۆلۈمگە لايىق. سىلىنىڭ بۇ مەردلىكلىرى بىزنى ھەيران قالدۇردى...

ئۇلار ئالتە تۇلۇم ئالتۇننى ئوردىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئالتە ئوغرى ئوردا ئەمەلدارلىرى قاتارىدا خەلققە ئادىل رەھبەرلىك قىلىپ ياخشى نام ـ نىشان قالدۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭمۇ نامى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ، دۆلەتنىڭ بايلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. «تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىدا قوينىڭ دۈمبىسىدە تورغاي ئۇۋۇلىغان» دېگەن رىۋايەت ئەنە شۇنىڭدىن قالغانكەن.

## تالقان ئوغرىسى

قازاقىستاننىڭ كىگەن ئاۋدانى (ناھىيىسى) دىلمۇك تېغىنىڭ يۇقىرىسىدا بولۇپ، تاغ ئۈستىدىكى چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك مۇنبەت يايلاق ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا يېرىم كارول (يېرىم پادىشاھ) سانىلىدىغان ۋېلىباي ھاجىمنىڭ ھەرقايسى ئەللەرنى مەپتۇن قىلغان ئۈچ ئايلىق قارقىرا يەرمەنكىسى مانا مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ بازاردا سودا ـ تىجارەتتىن تاشقىرى پالۋانلار چېلىشىش مۇسابىقىسى، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قارىغا ئېتىشىش قاتارلىق مۇسابىقە پائالىيەتلىرى يەرمەنكىگە كەيپىنى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلدۈرەتتى.

1910 ـ يىلى ۋېلىباي ھاجىم تۆردە ئولتۇرۇپ مىڭلىغان جامائەت بىلەن چېلىشىش مۇسابىقىسىنى ھۇزۇرلىنىپ كۆرۈۋاتاتتى. مەيدانغا نارانقۇلدىن كەلگەن موڭغۇل چېلىشچىسى بويىندا نەقىشلەنگەن زەنجىر نۇقتا، زەنجىرنى بىرەيلەن تۇتۇپ يېتەكلىگەن ھالدا ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى. پالۋان مەيدانغا چۈشۈش بىلەن بۇقىدەك ھۆركىرەپ، ئىككى قولى بىلەن يەرنى قاساپ، چاڭ ـ توزان چىقاردى:

—كەل، سارت بولساڭ كەل! ماڭا تەڭ كېلەلەيدىغىنىڭ بولسا مەيدانغا چۈش!

ئۇ ئەنە شۇ ھەيۋىسى بىلەن ئۇيغۇردىن چىققان ئىككى پالۋاننى ھەدېگەندىلا يەر چىشلەتتى، پالۋان بارا ـ بارا تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى. بولۇپمۇ ۋېلىباي ھاجىمنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ «سارت» دېسە «سارت» دەپ قىلىقسىزلاشتى. ۋېلىباي ھاجىم غەزەپ ۋە نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولدى.

—ئەي قېرىنداشلىرىم، يىگىتلىرىم! مۇنۇ قاۋانغا تېتىغۇدەك يولۋاس يوقمۇ ئارىمىزدا؟ ياكى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

ئات باغلايدىغان موما ئۇچىغا قۇشتەك قونۇۋالغان بىر بالا ۋېلىباي ھاجىمنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چۈشتى.

—مانا مەن بار باي ئاتا!

17 ياشلار چامىسىدىكى بالىنى كۆرۈپ ۋېلىباي ھاجىم:

—ئاھ، بالام ئاغزىڭدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرۇپتۇ. بولمايدۇ! قوينىڭ قوزىسى ئىكەنسەنغۇ؟ باللىق قىلما—دېدى.

—ئۆزۈم قوينىڭ قوزىسىدەك بولغىنىم بىلەن يۈرىكىم قاپلاندەك بار. رۇخسەت قىلىڭ باي ئاتا!

بالا ۋېلىباي ھاجىمنىڭ ئالدىدا مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ ھەممەيلەننى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ۋېلىباي ھاجىم بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

—ئوغلۇم، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئۆزۈڭنى ئاسرا، ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالما جېنىم بالام. غەيرىتىڭگە ئاپىرىن!—دېدى ۋە ئۆز قولى بىلەن بېلىگە پوتا باغلاپ مەيدانغا قويۇپ بەردى.

—ئەي ئاللا، مەدەت بەرگىن!

كۆپچىلىك ۋېلىبايغا ئەگىشىپ تۋۋلاشتى.

ئۇچىسىغا ئاق تامبال، ئاق كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن مەھكەم باغلاپ مەيدانغا چۈشكەن شۇمتەكنى كۆرگەن موڭغۇل پالۋىنى ئۆزىنى باسالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. چېلىشىش سىگنالى چېلىندى. بالا خاماندەك

دۇگىلەك مەيداندا تولۇقتەك چۆرگىلەپ موگغۇل پالۋىننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئۇ شۇ يوسۇندا ئۆزىنى بىردەم ئوڭغا بىردەم سولغا ئېتىپ پالۋاننى كالۋالاشتۇرۇۋەتتى ھەمدە تازا پەيتىنى تېپىپ ئۇنىڭغا شۇنداق بىر چىماق سېلىپ چاپۇتلىۋېدى، پالۋان ئوق تەگكەن قاۋادەك ھۆركىرەپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى.

كۆپچىلىك قىقاس ـ چۇقان بىلەن بالىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مەيداننى نەچچە ئايلاندۇردى. ۋېلىباي ھاجىمۇ ھاياجان ئىلكىدە ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ يەڭتنى باغرىغا باستى، بوينىغا مىندۇرۇپ مەيداننى نەچچە ئايلىنىۋەتتى ۋە:

ــــئاللا ساڭا مەدەت بەردى،ــــدەپ توۋلىدى.

يىگىتنىڭ كاتتا غەلىبىسى شەرىپىگە ئويۇن ـ تاماشىلار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. باش ـ كۆزى پاكىز يۇيۇلۇپ، يېڭى كىيىملەر كىيدۈرۈلگەن بالا پالۋان ۋېلىباي ھاجىمنىڭ يېنىدا تۆردە ئولتۇرۇپ «ئوتتۇز كۈن ئويۇنى، قىرىق كۈن تويىنى» دېگەندەك مەشرەپ ـ باراۋەتلەرگە داخىل بولدى.

ۋېلىباي ھاجىم بالا پالۋانغا نۇرغۇن سوۋغىلارنى ئىنئام قىلدى. بالا پالۋان:

ــــباي ئاتا، بۇ نەرسىلەرنى ئالالمايمەن،ــــدېدى.

ــــنېمىشقا ئالالمايسەن ئوغلۇم، ـ دېدى ۋېلىباي ھاجىم.

ــــقەيەردىن ئوغرىلاپ كەلدىڭ دەپ ئاتام تىللايدۇ،ــــدېدى بالا.

ــــھە، راست ئېيتقىنا ئوغلۇم، ئاتا ـ ئاناڭ كىم؟ يۇرتۇڭ قەيەر؟ ھېچ بۇ يەرلىك ئەمەستەك قىلىسەنغۇ؟

ــــئىسمىم دۇگان، يۇرتۇم ئۇيغۇر رايونىغا قاراشلىق غالجات مەھەللىسىدە. ئاتامنىڭ ئىسمى زوردۇن.

ئۇنداقتا ئىمامىڭلارنىڭ ئىسمى ئايۇپمۇ؟

ــــھە، شۇنداق.

راستتىنلا ئۆزىمىزنىڭ بالىسى ئىكەنسەنغۇ؟

ــــشۇنداق.

ــــئۇنداقتا يۇرتۇڭدىن بۇ تەرەپكە نېمە سەۋەب بىلەن چىقىپ قالدىڭ؟

ــــباي ئاتا ئېيتسام بولارمۇ؟

ــــبولىدۇ بالام ئېيتقىن، مەن ئاڭلاپ باقاي...

ــــبىز تاغ باغرىدا ئۆسكەن يېزا بالىلىرى،ــــدەپ ھېكايىسىنى باشلىدى دۇگان،ــــئىش تاپالىساق بايلارغا كۈنلۈك، ئايلىق، يىللىق ئىشلەيمىز. قول ئىلكىدە بارلار گازدۇر ـ كۆپتۈر بىنەم تېرىيدۇ. باشقا كەمبەغەل بالىلىرى يەرنى سىزىپ قاتار ياكى توپلىشىپ ئوشۇق ئوينايمىز. كەچكۈز، ئەتىياز ۋاقىتلىرى نان ياققان تونۇر باشلىرىغا يىغىلىپ چوڭلاردىن ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلايمىز ياكى قۇرۇق پاراڭ سالىمىز. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بالا: «ئاغىنىلەر بۈگۈن ئايۇپ ئىمامنىڭ ئايالى قۇشناچ مومام بىر تۇلۇم قوناقنىڭ تالقىنىنى ئېلىپ چىقتى. قازناقنىڭ (ئامبارنىڭ) ئىشىكى ئوچۇق ئازراق ئېلىپ چىقىپ يېمەيمىزمۇ؟ــــدېۋىدى بىر نەچچىمىز قىزىقىپ قالدۇق. تالقاننى مېنىڭ ياغلىقىمغا ئالغاندۇق. ئازراق تۆكۈلۈپ قاپتۇ. ئايۇپ ئىمام شۇ بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ، بالىلاردىن: «دۇگاننىڭ ياغلىقىغا سېلىپ ئېلىپ چىققان» دېگەن گەپنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ماڭا ئارتىلىپ قالدى. بامداد نامىزىدىن قايتقاندا ئايۇپ ئىمام جامائەتنى توختىتىپ:

ــــمېنىڭ ئىتىم قۇشناچىمنىڭ تالقىنىنى يالاپتۇ ۋە چېچىۋېتىپتۇ،ــــدەپتۇ.

بۇ گەپ تولىمۇ ئېغىر كەلگەن ئاتام ئاچچىقى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېلىپ يوتقىنىمنى قايرىپ ئېچىپ ھاسىسى بىلەن يانپاش كاسىلىرىمغا تازا سالدى. جان ئاچچىقىمدا ئۆمىلەپ قېچىپ تالاغا چىقىۋالدىم. شۇ قاچقانچە مۇشۇ يۇرتلارغا كېلىپ قالدىم.

ۋېلىباي ھاجىم باشلىق جامائەت دۇگاننىڭ تېخى تولۇق ساقىيىپ پۈتمىگەن يارىلىرىنى كۆرۈپ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ يەنە باشقىدىن قۇچاقلاشتى.

ــــئەي، بىرەھىم ئىنسانلار، بىر سىقىم تالقان ئۈچۈن شۇنچە زالىملىق قىلغان بارمۇ؟ــــدېيىشىپ يىغا ـ زار قىلىشقانمۇ بولدى.

ــــئوغلۇم سەن تېخى ئۆيلەنمىگەنسەن،ــــدەپ سورىدى ۋېلىباي ھاجىم.

ــــياق باي ئاتا،ــــدېدى دۇگان مەيۈس ھالدا،ــــمېنىڭمۇ باشقا دوستلىرىمغا ئوخشاش ئۆيلەنگىم، ئۆز ئېتىزىمدا قوش ھەيدىگىم، ئاتا ـ ئانامنى بايلارنىڭ ئىشكى ئالدىدا كۈنلۈكچىلىك قىلىشتىن خالاس قىلغۇم بار ئىدى. پېشانىمىزگە مەدىكارچىلىقنى پۈتۈپتىكەن خۇدايىم...

ــــبولدى بالام، چۈشەندىم،ــــدېدى ۋېلىباي ھاـ

uyghurkitap.com



جىم ــــ ئەمدى سەنمۇ باينىڭ بالىلىرىدەك ياشايسەن.

ۋېلىباي ھاجىم دۇكانغا بىر تويلۇق مال، نىكولاينىڭ ئارغىماق سوقىسى بىلەن ئىككى ئات، دۇكاننىڭ ئاتىسىغا مىنىش ئۈچۈن بىر ئات، ئانىسىغا سېغىن كالا قاتارلىق سوۋغىلار بېرىپ تارتۇقلاپتۇ ۋە ئايۇپ ئىمامغا قارىتىپ مۇنداق مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ:

«ھۆرمەتلىك ئايۇپ ئىمام جانابلىرىغا. مەلۇم بولسۇنكى، بىر سىقىم تالقان ئۈچۈن ئاتىسىدىن ئۆلگۈدەك تاياق يەپ، يۇرتىنى تاشلاپ چىققان زوردۇن ئوغلى دۇگان قارقىرا يەرمەنكە بازىرىدا نارانغۇنىڭ موڭغۇل پالۋىنى بىلەن چېلىشقا چۈشۈپ، ئۇنى يېڭىپ بىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى. شۇڭا مەنكى ۋېلىباي ھاجىم ئۇنى كاتتا مۇكاپاتلار بىلەن يۇرتىغا قايتۇردۇم. سەمىلىرىدە بولسۇنكى بۇنىڭدىن كېيىن دۇگان ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولىسىز. يۇرتقا بۇ ئىشلارنى مەلۇم قىلىپ كاتتا مەرىكە بېرىپ، دۇكاننىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەيسىز؛ ئىككىنچىدىن، دۇگاننى ئۆيىگە ساق ـ سالام يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىككى قورallıق سالداتنى قوشتۇم. ئۇلار يېتىپ بېرىشى بىلەن ماڭا قارىتىپ مەكتۇپ يېزىڭ، ئۇلارنىڭ ئامان ـ ئېسەن بارغانلىقى، دۇگاننى ئېيتقىنىمدەك كۈتۈۋالدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاڭ، دەپ بىرىنچى دەرىجىلىك ئالماس مۆھۈرىمنى باستىم.

ۋېلىباي ھاجىم

1910 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

دۇگان يۇرتىغا ساق ـ سالامەت بارغاندىن كېيىن بىر قانچە يىل كۆڭۈللۈك دېھقانچىلىق قىلىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بىر يىلى ياز. ئورما ـ خامان ئېلىش ۋاقتىدا بىر دانە بوز ئات، بىر دانە قارا ئات يېتىلىگەن ئۈچ موڭغۇل پالۋىنى دۇگان پالۋاننىڭ خامىنىغا كېلىپ:

ــــ دۇگان پالۋاننىڭ ئۆيى نەدە؟ ــــ دەپ سورىغانكەن.

دۇگان ئاتنى تۇلۇقتىن چىقىرىپ، بىر قولى بىلەن تۇلۇقنى كۆتۈرۈپ:

ــــ ئەنە، ئاۋۇ ــــ دەپ ئۆيى تەرەپنى كۆرسىتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن موڭغۇل پالۋانلىرى «ئوھوي بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پالۋان ئىكەن» دېيىشىپ ئىككى ئات ۋە يېنىدىكى يامبۇلىرىنى دۇگانغا سۇنۇپ «دوست بولۇپ قالايلى» دەپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىپ قايتىشىپتۇ. ئەسلى موڭغۇللارنىڭ قائىدىسىدە يېڭىلگەن موڭغۇل پالۋىنى ئارقىدىن يەڭگۈچىنىڭ ئۆيىگە كېلىشى ئەۋەتىپ، «ئامىر سەخىن بەنىيۇ» دەپ سالاملىشىپ، قولىدىن قان چىقىرىپ دوست بولۇشاتتىكەن.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ھېلىقى موڭغۇل پالۋىنىنىڭ دادىسى سېرىم ئامبالنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى دۇگاننىڭ يۇرتىغا كەپتۇ. يىگىتلەردىن بىر نەچچەيلەن دۇگان پالۋاننى ئالدىغا سېلىپ ئامبالنىڭ نەزىرىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

موڭغۇللاردىمۇ قازاقلارنىڭ قائىدىسىگە ئوخشاش قازا بولغان ئۆيگە يىراقتىن ئات يورغىلىتىپ كېلىپ، ھازا ئېچىش ئادىتى بار ئىدى. بۇ يىگىتلەرمۇ دۇگان پالۋاننى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ ئارقىدىن قىزىلچى نەجمىدىن ئاكا قاتارلىقلار ھازا ئېچىپ كەپتۇ.

دۇگان پالۋاننى كۆرگەن موڭغۇللار «بىزنىڭ ناجى، (بىزنىڭ دوستىمىز)ئاتىمىز ئۈچۈن يىراقتىن يىغلاپ كەلدى»، دەپ مەمنۇن بولۇشۇپ ئۇلارنى كاتتا زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ھەر بىر ھازىدارنى بىردىن ئات، بىردىن قاسقىر (بۆرە) جۇۋا بىلەن تارتۇقلاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان دۇگان پالۋان تالقان ئوغرىسى ئەمەس دۇگان باي، دۇگان پالۋان دەپ ئاتالغانىكەن.

## لوقمان ھېكىم ھەققىدە ھېكايىلەر

### 1. لوقمان ھېكىمنىڭ مىڭ يىل ياشىغانلىقى ھەققىدە

ئەل ئارىسىدا «مىڭ يىل ياشىغان لوقمان، ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان. نېچۈك دۇنياغا بەل باغلاپ، تېنىگە تاپمىدى دەرمان» دېگەن تەمسىل بار.

لوقمان ھېكىم مىڭ ياشقا كىرگەن ئەمەس، بەلكى ئۆمرىنى مىڭ يىل ياشىغاندەك مەنىلىك ئۆتكۈزگەن. ئۇ بۇ ھاياتىنى مۇنداق باھالىغانىكەن.

بىرىنچى، ئۇ بالا ـ چاقا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۆمرىنى 300 يىل دەپ باھالىغان؛ ئىككىنچى، ئەل ـ ئاغىنە، يارۇ ـ بۇرادەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۆمرىنى 300 يىل دەپ باھالىغان؛ ئۈچىنچى، قۇدا ـ باجىلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۆمرىنى 300 يىل دەپ باھالىغان؛ تۆتىنچى، دۈشمەنلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۆمرىنى 20 يىل دەپ باھالىغان؛ بەشىنچى، دۇنيالىقتا ئۆتكۈزگەن

ئەينى ئۆمرى 80 يىل بولۇپ، بۇ ياشلار قوشۇلۇپ 1000 يىل ياشىغان لوقمان بولغان.

خوش، ئەمدى لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆلۈمگە «ھىيلەلەر» قىلغانلىقىغا كەلسەك، ئۆلۈم ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

بىرى، ئەجىلى مۇتلەق. يەنى كىشى ئەجىلى توشقاندىكەن، مەيلى ئاغرىق - سىلاق بولسۇن، مەيلى ساق بولسۇن جان تەسلىم قىلىدۇ. «ئاسان ئاغرىق - ئاسان ئۆلۈم بەر» دەپ تىلەيدۇ. بالا - چاقىلىرىغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈۋالىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئۆلۈم؛ ئىككىنچىسى، ئەجىلى مۇئەللەق. بۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلەرنىڭ ئۆلۈمىدۇر. ئۇلار ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ. ئازراق ئىشلارغا سەۋر - تاقەت قىلالمايدۇ. ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ تۈرلۈك ھارام خاھىشلار بىلەن ئۆلۈۋالىدۇ. بۇ ئەجىلى مۇئەللەقتۇر؛ ئۈچىنچىسى، بىئەجەل ئۆلۈم، تاغۇ - تاشلاردىن غۇلاپ، ياغاچ، تام، ئۆڭكۈر - تاش بېسىۋېلىپ ۋە تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەر بىلەن ئۆلۈش بىئەجەل ئۆلۈمدۇر.

لوقمان ھېكىم ئاجايىپ پاراستى ۋە مول ئىلمىگە تايىنىپ تۈرلۈك خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلغان. خۇدا بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆلۈمگە «ھىيلەلەر» قىلغان. مەسىلەن:

**2. لوقمان ھېكىمنىڭ «قۇربانلىق» قىلىشى**

يۇنان پادىشاھىنىڭ گېلىگە ئۇستىخان تۇرۇپ قېلىپ، يۇتۇۋېتىشكە ياكى چىقىرىشقا ئىلاج بولماپتۇ. دەۋاگەرلەرمۇ دەۋا قىلالماپتۇ.

—لوقمان ھېكىمنى چاقىرايلى!—دەپتۇ ئارىدىن بىر ئەقىلدار.

—ئۇنى چاقىرىشقا بولمايدۇ،—دەپتۇ ئەمەلدارلاردىن بىرى.

—نېمىشقا؟

—چۈنكى خان ئالىيلىرى ئۇنى زىندانغا تاشلىغان.

—ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىڭلار،—دەپ ئىشارەت قىپتۇ پادىشاھ.

بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن نەۋكەرلەر قۇرۇق قول يېنىپ كەپتۇ.

—ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، لوقمان ھېكىم زىنداندا زەي تارتىپ ماڭالماس بولۇپ قاپتۇ.

ئوردا ئەمەلدارلىرى غەمگە پېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرەيلەن دەرھال ئېسىنى تېپىپ:

—ئۇنى قانداق قىلساق ماڭالايدىكەن؟—دېگەندىكەن. نەۋكەرلەر ھودۇققان ھالدا:

—سەككىز ياشلىق قىزدىن 16نى ئەۋەتسۇن دەيدۇ—دېيىشىپتۇ.

ناھايەت، لوقمان ھېكىم قىزلارنى تۆت تەرىپىگە تۆتتىن تاڭدۇرغانىكەن. پۇت - قولىغا جان كىرىپ ماڭالايدىغان بوپتۇ.

—لوقمان ھېكىم، مېنىڭ گېلىمگە ئۇستىخان تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭغا قانداق ئىلاج قىلىمىز،—دەپتۇ پادىشاھ لوقمان ھېكىمنى ئوردىغا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن.

—ئەگەر بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتايكى،—دەپتۇ لوقمان ھېكىم پادىشاھتىن ئىجازەت ئېلىپ، يالغۇز ئوغۇللىرىنىڭ قېنى لازىم. ياق دېسىلە ئۆزلىرىنىڭ جېنى لازىم.

پادىشاھ: «بالام ئۆلسە يەنە بىر بالا تاپقىلى بولىدۇ. ئەگەر مەن ئۆلسەم ئەمەلدارلىرىم كىچىككىنە تەخت ۋارىسىدىن ھوقۇق تالىشىپ دۆلەت خانۇ - ۋەيران بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە جان - جىگەر ئوغلۇمدىن كېچەي» دېگەن خىيالغا كەپتۇ. لوقمان ھېكىم:

—خان ئالىيلىرى، مەن ھازىر ئوغۇللىرىنى ھۇجرىلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ چىقىمەن. تۆڭلۈكتە بوغۇزلايمەن. ئۆزلىرى تۆڭلۈككە ئاغزىلىرىنى قارىتىپ ئىچىپ ياتسىلا. بالىدىن تامغان قان دەردلىرىگە داۋا بولىدۇ—دەپتۇ ۋە تەخت ۋارىسى (شاھنىڭ ئوغلىنى)نى يېتىلەپ ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. بىر چاغدا قارىسا راستتىنلا ئۆز ئوغلىنىڭ جان جەھلى بىلەن «ۋايجان! خان ئاتا!» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. تۆڭلۈكتىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قاننى كۆرۈش بىلەن رەھىمسىز پادىشاھنىڭمۇ باغرى شامدەك ئېرىپ، ئىچى زەرداپ بولۇپ «ۋاي، بالامەي!» دەپ ئۆكۈزدەك ھۆركىرىگەنىكەن، گېلىگە تۇرۇپ قالغان سۆڭەك قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

بىر چاغلاردا پادىشاھ ھوشىغا كەلگۈدەك بولسا باش ئۇستىدە قۇربانلىق قىلىنغان ئوغلى ھايات تۇرغىدەك.

—بۇ نېمە ئىش؟—دەپتۇ پادىشاھ ئېسەنگىرەپ.

—خان ئاتا،—دەپتۇ شاھزادە خۇشال - خۇرام

ئۇيغۇرچە كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھالدا ــ تېۋىپ دادام ئۆگزىنگە بىر ئۆچكىنى ئېلىپ چىقتى. ئۆگزىلۈككە ئەكېلىپ بوغۇزلىدى. مەن تېۋىپ دادامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆچكىگە ئەگىشىپ ۋارقىراپ يىغلىدىم.

يۇنان پادىشاھى لوقمان ھېكىمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىل بوپتۇ ۋە ئىلگىرى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغانلىرىغا توۋا قىلىپ كەچۈرۈم سوراپتۇ.

### 3. يامانغا داغ

لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى، ھېكىمنىڭ شاگىرتى بولۇپ، نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا تاپقۇزغانىكەن.

نىھايەت، بىر كۈنى مېڭىسى ئاغرىيدىغان كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كېسەل كۆرسىتىپ كەپتۇ. كېسەلنىڭ بېشىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەپتۇ. ئايان بوپتۇكى، كېسەلنىڭ مېڭىسىنى ئۈزۈن پۇتلۇق زىيانداش قۇرت چىرمىۋالغانىكەن. قۇرتنى موچىن بىلەن ئالاي دېسە، مېڭە قوزغىلىپ كېتىپ كېسەل ئۆلىدۇ. ئالماي دېسە، كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولغان. شاگىرت تېۋىپنىڭ بېشى قاتتىق قېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لوقمان ھېكىم:

ــ يامانغا داغ ــ دەپ قويۇپ كېتىپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن ئەقلىنى تاپقان شاگىرت تېۋىپ دەرھال بىگىزنى قىزىتىپ ھېلىقى زىيانداشنىڭ دۇمبىسىگە تەگكۈزگەنىكەن. قۇرت مېڭىنى قامالاپ تۇرغان پۇتلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ. تېۋىپ دەرھال موچىن بىلەن زىيانداشنى ئېلىپ تاشلاپ كېسەلنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

«يامانغا داغ» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

### قىڭغىر بويۇن

بويىنى قىڭغىر بولۇپ قالغان كىشى لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا ھال ئېيتىپ كەپتۇ. لوقمان ھېكىم:

ــ تۆمۈرنى قىزىتىپ داغلايمەن، ــ دەپتۇ.

قىڭغىر بويۇن بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. لوقمان ھېكىم قىڭغىر بويۇننى ئات تاقىلايدىغان دارغا چەمبەرچاس باغلاپتۇ. ئاندىن بىر ئۈزۈن لومنى راسا قىزىتىپ قىڭغىر بويۇننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قىڭغىر بويۇن لوقمان ھېكىمنىڭ قولىدىكى لاۋۇلداپ تۇرغان چوغدەك لومنى كۆرۈپ «ۋاي، داد بولدى داۋالانمايمەن» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. لېكىن لوقمان ھېكىم «ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ» دەپ يىراقتىن قىڭغىر بويۇنغا قارىتىپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىكەن، قورقۇپ جېنى چىققىدەك بولغان قىڭغىر بويۇن دەرھال بويىنىنى قارشى تەرەپكە ئېلىپ قېچىپتۇ ۋە ئاغرىق ئازابىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ.

قىڭغىر بويۇن ھوشىغا كەلگۈدەك بولسا قىڭغىر بويۇنى ئاللىقاچان ئەسلىگە كېلىپ ساقىيىپ قالغانىكەن.

### تەرىقەت ۋە شەرىئەت

بىر دېھقان ئۆكۈزگە مىنىپ ئېتىزغا مېڭىپتۇ. ئۆكۈز بىر ئورەككە چۈشۈۋېلىپ زادىلا چىققىلى ئۇنىماپتۇ.

دېھقان ئىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا جىلە بولۇپ:

ــ خەپ ـ خەپ! ھەي، ئۆكۈز. ئەگەر سېنى مۇشۇ ئورەكتىن چىقىرىۋالسام ھەرگىز ئۈستۈڭدىن چۈشمەيمەن. چۈشىدىغان بولسام ئۆزۈم كاپىر، خوتۇنۇم تالاق بولسۇن ــ دەپ ساپتۇ.

ئۆكۈز بىر ئاماللار بىلەن ئورەكتىن چىقىپتۇ. ھالبۇكى، ئۆكۈزنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان نادان دېھقان دېگەن قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ شەرىئەتمۇ شەرىئەت بېرىپ بۇ ئىشقا پەتىۋا سوراپتۇ. شەرىئەتنىڭ موللىلىرى بولسا:

ــ بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تۆلەيسىز، تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇيسىز. 100 دەررە يەيسىز، ــ دېيىشىپتۇ. دېھقان بۇنىڭغا قايىل بولماي بىر ھەپتە ئۆكۈز ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قۇيرۇق يانپاشلىرى يېغىر بولۇپ كېتىپتۇ. دېھقاننىڭ ھالىغا ئېچىنغان بىر موللام:

ــ ئەي، قوزام بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز... شەرىئەتتە تېپىلمىغان پەتىۋا تەرىقەتتە تېپىلىپ قالار، ئەڭ ياخشىسى تەرىقەت موللىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېقىڭ، ــ دەپ يول ساپتۇ.

تەرىقەت موللىسى:

ــ كېلىڭ، قوزام كېلىڭ، نېمە بولدىڭىز؟ ــ دەپتۇ. دېھقان بولغان ئەھۋاللارنى بايان قىپتۇ. تەرىقەت موللىسى:

ــ بۇنىڭ ئىشى ئاسان، ــ دەپتۇ ـ دە، بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، مۇنۇ تاشقا چۈشۈڭ، تاشتىن يەرگە چۈشۈڭ، چۈنكى سىز ئۆكۈزدىن يەرگە ئەمەس تاشتىن يەرگە چۈشتىڭىز. ئەمدى ھېچ گۇناھ بولمايدۇ ــ دەپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىنجان باھاۋۇدىن تارىخ
تەييارلىغۇچى: ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# مومامنڭ شپالق دورلرى*

كامال هىسامدىنوف (قازاقستان)

دۇشەنبە كۈنى ئا. كىرىپ كەپتۇ.

—كامال ئاكا، رەھمەت سىزگە،—دەيدۇ ئۇ كۈلۈپ،—ئىششىق تامامەن قايتتى.

—ئۈچ كۈن ئۇدا قىلدىڭما؟

—شەنبە كۈنى ئىششىق تامامەن قايتقاندىن كېيىن يەكشەنبە كۈنى توختاتتىم.

—ئەتتىگەي، يەكشەنبە كۈنى داۋانى توختاتقىنىڭ بولماپتۇ ـ دە، ئۈچ كۈن ئۇدا كومپرېس قىلغىنىڭدا جەيىنىكىڭدىكى جىمىكى زەخمىلەر تۈگەپ كېتەتتى. سېنىڭ ئۈنچىلىك ئالدىراپ كېتىدىغىنىڭ خىيالىمغا كەلمەپتۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.

شۇنىڭدىن بۇيان تۆت ـ بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئا. بارغان ـ تۇرغان يېرىدە مېنىڭ ھەققىي تېۋىپلىقىمنى ماختاپ يۈرگۈدەكمىش.

سۈيدۈكنىڭ ئاجايىپ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى خىلمۇ خىل ئاغرىقلاردا سىناپ كۆرۈشكە توغرا كەلدى. بۇنىڭغا مېنى هايات مەجبۇر قىلدى. ئالدىڭغا نىجات تىلەپ كەلگەن ئادەمنى قانداق قوغلاپ چىقىرىسەن؟

تۇغۇلغان يۇرتۇم تۈگمەنگە بارغانىدىم. كۈن چۈشتىن ئېگىلىپ قالغان مەزگىل ئىدى. دېرىزىدىن شۇنداقلا قارىسام، ئارقا تەرەپكە ئادەملەر ئوپۇر ـ توپۇر كېتىشىۋېتىپتۇ.

—ئاپا، نېمە گەپ؟—دەپ سورىدىم.

—تۈغقىنىڭنىڭ ئوغلى بىر پۇتىنى ئىششىتىۋاپتۇ. چونجىغا دوختۇرغا ئاپارسا، ئاغرىقخانىغا ئالماپتۇ. يۇرتداشلار شۇ بالىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ بارغاندۇ تايىنلىق.

—دېمەك، ئاغرىقخانىغا ئالمىغان بولسا، ئاغرىقى خېلى بار ئىكەندە؟—دېدىم مەن،—ئۇنداق بولسا، مەنمۇ باراي.

* بېشى ئۆتكەن ساندا

تۇغقىنىمنىڭ 14 ـ 15 ياشلاردىكى ئوغلى خ. راسكىلادۇشكىدا ئوگىدىسىغا يېتىپتۇ. راست، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۆزلۈكى تا ھوشۇقىغىچە ئىششىپ كېتىپتۇ. شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ دوختۇرلارنىڭ بىمارنى ئاغرىقخانىغا ئالمىغىنىغا ئەجەبلەندىم. ئۆيدە لىق ئولتۇرغان ئاياللار ئىچىمنى پۇشۇردى.

—ئىمكانىيەت بولسا ئۆيىنى بوشاتساڭلار،—دېدىم ئاياللارغا سىپايىلىق بىلەن،—بالىنىڭ پۇتىنى داۋالاپ كۆرسەك.

خ. مېنىڭ «ئاغىنىلىرىڭ بىلەن پۇتبول ئويناۋېتىپ پۇتۇڭنى قايرىۋالدىڭمۇ، تەنتەربىيە دەرسىدە يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپ پۇتلىشىپ يىقىلغانمىدىڭ، يە ۋېلسىپىتتىن يىقىلدىڭمۇ؟» دېگەن سوئاللىرىمغا پەقەت ياق دەپ جاۋاب بېرىش بىلەن چەكلەندى. ھەقىقىي ۋەقەنى ئېيتقۇسى كەلمەيتتى. ئۇ يوشۇرغىنى بىلەن پۇتىنى يە قايرىۋالغان ياكى سەكرەيمەن دەپ ئاغرىتىۋالغان. بولمىسا ياپياش بالىنىڭ پۇتى مۇنداق بىكاردىن بىكار ئىششىپ كېتەمدۇ؟ قانداق قىلسا شۇنداق قىلسۇن، بۇنىڭ پۇتىدىكى ئىششىق پەقەت ئۆز سۈيدۈكى بىلەن قايتىدۇ، دېگەن قارارغا كەلدىم.

—بۇنىڭ ئالدىغا داس قويۇپ، كونا كۆڭلەكتىن بىرنى بېرىڭ،—دېدىم خ. نىڭ ئانىسىغا،—بۇ ئۆيگە ھېچكىم كىرمىسۇن. ئەگەر بايىقىدەكلا قالايمىقانچىلىق بولسا، كېلىن ئىككىمىزنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. مەن ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا كىرىمەن، شۇڭغىچە كومپرېسنى توختاتمىسۇن.

ئەتىگەنلىكى سائەت توققۇزدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندە كىرسەم خ. ئانىسىغا «مەن تالاغا چىقاتتىم» دەپ جېدەل قىلىۋېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ جىم بولدى. «مانا چوڭ داداڭنىڭ ئۆزى كىردى، ئېيتە ئەمدى دەردىڭنى. تالاغا چىقامسەن، تاغقا چىقامسەن ئۆزى رۇخسەت بەرسۇن. بىز سېنىڭ ئەمەس، مۇشۇ ئادەمنىڭ گېپىنى قۇلاققا ئالىمىز»، دەپ كېلىن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەندەك بولدى.

ئەتە مەن كىرگىچە بەش قېتىم كومپرېس قىلىسەن دەپ، ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ ئېيتقان. پۇتىنىڭ ئىششىقى، راست خېلىلا يېنىپتۇ. لېكىن كۈتكەن نەتىجە مەن ئويلىغان دەرىجىدە ئەمەس. شۇڭا خ. دىن:

—نەچچە قېتىم كومپرېس قىلدىڭ؟—دەپ سورىدىم.

—ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك بەش قېتىم،—دېدى خ. بېشىنى كۆتۈرمەي.

—بالام، ئاتاڭ بىلەن ئاپاڭنى ئالدىغىنىڭ بىلەن بۇ ئىشتا مېنى ئالدىيالمايسەن،—دېدىم،—خۇددى مېنىڭ ئىشىمنى قىلىۋاتقاندەك دەۋاتقىنىڭنى قارا. ئاران ئۈچ قېتىملا كومپرېس قىپسەن. مېنى ئالدىماقچى بولغىنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ئۆيدىن چىقماي كومپرېسنى داۋاملاشتۇرسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

ئۇ بېشىنى ئىرغىتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن مېنىڭ ئالدىمغا ئۆزى كىرىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يوليورۇقىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەقلى شۇنچىلىكمۇ بىلمىدىم، رەھمەت ئېيتتى. ئەۋزەللى ئۇنىڭ پۇتىنى ئايىماي يەر دەسسەپ كوچىغا چىقىشى بولدى. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئۇنى كوچىدا ئاغىنىلىرى بىلەن كۆرۈپ قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ھەيران قېلىشتى.

—تۈنۈگۈن ئۆيدە بىر نەرسە ياساۋېتىپ قولۇمنى بولقا بىلەن شۇنداق ئۇرۇۋالدىمكى، كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى،—دەپ كىرىپ كەلدى ش. ئىسىملىك خادىم،—ئاغرىق تېخىچىلا بېسىلمايۋاتىدۇ. قولۇم سەينۇگە بولۇپ قالمىسا بولاتتىغۇ.

—ھېچ نەرسە بولمايدۇ،—دەپ مەسلىھەت بەردىم ئۇنىڭغا،—ھازىر ئۇتتۇر ھاجەتخانىغا كىر ـ دە، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ دورا قىل، يىرگىنىدىغان نېمىسى بار، ئۆيۈڭگە بارغاندا سوپۇنداپ يۇيۇۋېتەرسەن. بىراق، بىر ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدىغان نەرسە، دورىدىن كېيىن قولۇڭ بىر ـ ئىككى مىنۇت تازىمۇ قاتتىق ئاغرىيدۇ. قولۇڭ سەينۇگىمۇ بولمايدۇ. تىرنىقىڭمۇ چىقمايدۇ.

ش. ئەتىسى ئەتىگەن تېخى ئىشقا كىرىشمەي تۇرۇپ ئالدىمغا كىردى.

—ۋاي ئاكا، رەھمەت، مۇشۇنداق ئاددىي نەرسىدىنمۇ خەۋىرىمىز يوق ئىكەندە، تووۋا! راست، سىز دېگەندەك دورىدىن كېيىن شۇنچىلىك ئېچىشىپ ئاغرىدىكى، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

مېنىڭ ئالدىمغا مۇنداق دەردىگە داۋا ئىزدىگۈچىلەر كۆپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنى سانىاي. مەن

پەقەت ئاساسلىق دېگەنلىرىمنىلا مىسال تەرىقىسىدە ئېلىپ
يېزىۋاتىمەن. بىز ئادەم بالىسىغۇ، شۇڭا تۇرمۇشتا ئۇچ-
رىمايدىغان ئىشلار يوق. ئېيتقانلىرىم بىرىگە بولمىسىمۇ،
بىرىنىڭ دەردىگە داۋا بولۇشىدا شۈبھە يوق. ئۇنىڭغا ئە-
شەنچىم كامىل. كۈنلەردىن بىر كۈنى ن ئىسىملىك قىرىق-
نىڭ ئەتراپىدىكى، ئۆزىنى ھەمىشە پاكىز تۇتۇپ، زامانىۋى
يۈرۈشنى ئىزدەيدىغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

ــ دوختۇرلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇزۇل - كېسىل داۋالانمى-
ساڭ، يە بىر قولۇڭ تۇتماس، بىر پۇتۇڭ باسماس، كۆ-
زۈڭنىڭ ئەلەس بولۇپ قېلىشى ياكى سۆزلەپ كوچــىغــا
چىقىپ كېتىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. مېنى توغرا چۈشىنىشە-
ڭىزنى سورايمەن، ئۇنداق ھالنى خالىمايمەن. ئۇنىڭدىن
ئۆلگىنىم ئەۋزەل.

ــ ئاغرىقىڭىز قانداق ئىكەن؟

ــ ئاراخنوئىدىت

ــ مۇنداق ئاغرىقنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.... مېنىڭكىتقۇ
بار. ئاراخنوئىدىت! بىلمىدىم. لۇغەتكە قاراپ ئاۋۋال ئۇ-
نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەيلى.

ــ بېشىمنىڭ كەينى، يۇلۇننىڭ ئۈستى ئاغرىيدۇ. باش
ئاغرىقى بېسىمراق. كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ. بەزىدە كۆزلىرىم
تورلىشىپ، ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي قالىمەن.

توغرا، لۇغەتتىمۇ خۇددى شۇنداق دەپ تەكىتلەنگەن.
مېنىڭكى ئىككىسىنىڭ ئوخشاشلىقى كۆپ. ئۇنىڭدىمۇ يۇ-
لۇن ۋە باش ئاغرىيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ بۇ خېنىمنى ئاغ-
رىقخانىغا ياتقۇزمىغىنىغا ئەجەبلەندىم. ئاغرىقنى ئېيتىش
بىر باشقا، داۋالاش تامامەن باشقا نەرسە.

ــ ئىشلەۋاتامسىز؟ ــ دەپ سورىدىم ن. دىن.

ــ ئىشلەۋاتىمەن. نېمە بولدى؟

ــ ئوتپۇسكىغا چىقىپ سەھرادىكى بىرەر ئوغلىڭىزنىڭ
ئۆيىگە كەتسىڭىز ــ دېدىم مەن.

ــ دەم ئېلىشقىغۇ تېخى چىقمىغان. خالىسام ئەتە بول-
سىمۇ چىقىشىم مۇمكىن.

ــ ئۇنداق بولسا، ئوتپۇسكىغا چىقىڭ. ھەممىنى تاش-
لاپ يۇرتىڭىزغا يېتىڭ. ئون كۈن، كۈنىگە قانچە بولسا
مەيلى، ياش ئوغۇل بالىنىڭ ئالدى تەرىتى بىلەن گەجگە-
ڭىزگە كومپرېس قىلىڭ. ئەمما ئېھتىيات قىلىدىغان نەرسە،
سۆزنەككە ئۇرۇنۇپ قالماڭ. شامالدا تالاغا چىقماڭ. بې-
شىڭىزنى ئۈچ كۈندە بىر يۇيۇڭ. بىراق، يەنە جېكىيمەن-
كى، ئۆزىڭىزنى ئاۋايلاڭ. پەقەت شۇنداق قىلغانــدىــلا
سىزنىڭ بۇ ئاغرىقتىن قۇتۇلۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن.

ن. مېنىڭ مەسلىھەتىم بىلەن ئون كۈن قىمىر قىلماي
داۋالىنىدىغان بولدى.

ن. ئوتپۇسكىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قايتىپ كەپتۇ -
دە، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئومۇمەن ھازىر سالامەتلىك-
نىڭ ياخشىلىقى، يۇلۇن ۋە باش ئاغرىقنىڭ ساقايغانلىقىنى
سۆزلەپ بەردى.

ــ كومپرېسنى نەچچە كۈن توختاتماي قىلدىڭىز؟

ــ سىز تاپشۇرغاندەك ئون كۈنگە چىدىمىدىم ــ دې-
دى ئۇ راستىنى ئېيتىپ، ــ ئالتە كۈن ئاران چىدىدىم، يا-
مان سېسىق بولىدىكەنغۇ؟

ــ مەن سىزگە ئېپار پۇرايدىغان دورىنى نەدىن تېپىپ
بېرىشىم مۇمكىن؟ ئۇنداق چىدىماسلىق قىلىدىغان ئادەم
مېنىڭ ۋاقتىمنى ئالمىسىڭىز بولاتتى. ئون كۈن دېگەن بىر
داۋالاش كۇرسى. ئۇنى ئۆزىڭىزمۇ ياخشى بىلىسىز ــ دەپ
ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ ن:

ــ بېشىم يەنە ئاز - ئازدىن ئاغرىيدىغان قىلىق چە-
قىرىۋاتىدۇ. ھېلىقى دورىدىن يەنە پايدىلانسام نېمە دەي-
سىز؟ - دەپ كىرىپ كەپتۇ.

ــ ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، ــ دېدىم سوغۇق قانلىق بە-
لەن. بىمار ن. ئۇ دورىنى يەنە ئىشلەتتىمۇ، يە ئىشلەتمە-
دىمۇ ئېيتالمايمەن. ئامما ھازىر سالامەتلىكى ياخشى،
گۈلدەك ياسىنىپ يۈرىدۇ. ئاغرىپ ئۆيدە يېتىپتۇدەك،
دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىمىدىم. ئىلاھىم ھېچكىمنىڭ جېنى
قاقشىمىسۇن! ھەممىگە ئامانلىق تىلەيمەن.

گېمۇرروي، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئاغرىقنىڭ دەردىنى
تارتماي يۈرگەن ئادەم ئازمىكىن دەپ ئويلايمەن. چوڭ-
لاردىمۇ، ياشلاردىمۇ، ئەرلەردىمۇ، ئاياللاردىمۇ بــار بۇ
كاساپەت، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى نېمە؟ ئۇ تەرەپ-
لىرى ھېچكىمنى قىزىقتۇرمىسا كېرەك. بىر سۆز بىلەن
ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. يەنە كې-
لىپ، ھەركىمدە ھەرقانداق، شۇڭا بىردىن ئۇنى قانداق
داۋالاش كېرەك؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ كۆرەي.

بىر كۈنى يالغۇز ئولتۇرسام يا. ئىسىملىك بىر يىگىت

كىرىپ كەلدى:

ـــ ئاكا، سىزگە بىر ئىش بىلەن كېلىۋېدىم،ـــ دېدى ئۇ،ـــ ئەگەر سىر ساقلاشنى بىلسىڭىز ئېيتىمەن، بولمىسا لام دېمەي چىقىپ كېتىمەن،ـــ دەپ شەرت قويدى. بىر تۈرۈپ ئۇنىڭغا خاپا بولدۇم، بىر تۈرۈپ «بارى شۇدۇر، بۇنىڭ» دەپ ئۆزۈمنى باستىم. ئەگەر ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا مۇناسىۋەت مەدەنىيىتىنى بىلگىنىدە، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتەتتى؟

ـــ ئۇكا، مەنمىچۇ ئۆزۈمنى ئەر چاغلاپ يۈرگەن خوخەنزىلەردىن، ئۇ نېمىدېگىنىڭ؟ بۇ قورساقتا نېمىلەر يوق؟ـــ دەپ ماختىنىپ قورسىقىمغا ئالقىنىم بىلەن شاپىلاقداپ ئۇرۇپ قويدۇم،ـــ ئېيتساڭمۇ، ئېيتمىساڭمۇ ئۆزۈڭ بىل. مەن سېنىڭ ئالدىڭغا ھال ئېيتىپ كىرگىنىم يوق.

ـــ ئاكا، خاپا بولماڭ، سىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي، گېمۇررويى بولۇپ قېلىۋېدىم ـــ دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭدىن «مېنىڭدىن ۋەدە ئالماقچى بولغىنىڭغا قارىغاندا، بۇ خېلى ئىنچىكە ئاغرىققا داخىل بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىۋېدىم، ئەمما، ئۇ نەدىكى بىر گېمورروينىڭ گېپى بىلەن مېنىڭ قىزىقىشىمنى يوقاتتى.

ـــ بۇ كاساپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر ئىلاجى بارمۇ، دەپ مەسلىھەتلەشكىلى كىرىۋېدىم،ـــ دېدى يا،ـــ دوختۇرغا باراي دەپ نەچچە تەمشەلدىم. بىراق بۇ كاساپەت ئوپېراتسىيەدىن كېيىن يەنە ئۆسەرمىشقۇ.

گېمۇررويىنىڭ ئوپېراتسىيەدىن كېيىن كېچىكمەي قايتىدىن ئۆنىدىغانلىقىنى مەنمۇ تالاي كىشىلەردىن ئاڭلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يا. نىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ـــ مەن بىلىدىغان بىر ئاسان يولى بار، ئەگەر خالىسالڭ...ـــ دېدىم سەل سۈكۈتتىن كېيىن.

ـــ داۋا بولسىلا ـــ دېدى يا.

ـــ ئۇ ئۆزۈڭنىڭ سۈيدۈكىڭ.

ـــ راستمۇ؟

ـــ راست بولمايچۇ! ئاغرىق مەسلىسىدە چاقچاقلا ئورۇن يوق. سەن يېزىدا تۇرۇۋاتقان ئادەم. بىزگە ئوخشاش شارائىتىڭ يوق. شۇنداق بولسىمۇ ھاجەتخانىغا كۆرۈشكىدەك بىر قاچا ئەكىرىپ قوي ـ دە، ھەر كىرگىنىڭدە يۇيغىن. ئايىما، كۆنىگە نەچچە قېتىم كىرسەڭ، شۇنچە يۇيغىن. ھازىر كۈن ئىسسىق، سالقىن تارتقاندا توختىتارسەن.

ـــ ئاسانلا ئىشكەنغۇ.

ـــ بىراق، بەرداشلىق كېرەك.

ـــ بۇ، دېگىنىڭىزغۇ توغرا.

ئىش بىلەن بولۇپ يا. غا بەرگەن مەسلىھەتىم يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. يالغۇز ئولتۇرغان بىر كۈنى ئۇ ئاستا كۈلۈپ كىرىپ كەلدى.

ـــ خەپ ئاكا، سەل كېيىنرەك تۇتۇش قىلىپ قاپتىمەندە!ـــ دېدى ئۇ سالام ـ سائەتتىن كېيىن ئۆكۈنۈپ،ـــ ئالدىڭىزغا نېمىشقا بۇرۇنراق كىرمىدىم دېسەم، ئۆزۈمگە ئۆزۈم خاپا بولىمەن. مۇبادا ئىلگىرىرەك مەسلىھەت سورىغىنىمدا بۇ كاساپەتتىن بالدۇرلا تامامەن قۇتۇلۇپ كېتەتتىمكەن.

«ئالدىرىغاننىڭ ھوشۇقى تايدۇ»، تاقەت قىلساڭ، يەنە ياز كېلىدۇ.

يەنە ياز كەلدى. يا. گېمورروييدىن قۇتۇلدى. ئەمما، مېنىڭ ئالدىمغا گېمۇرروييدىن قۇتۇلۇش يولىنى سوراپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق. كېيىنكى يىللىرى ئۇ كېسەلدىن ئونىدىن ئوشۇقراق ئادەم قۇتۇلدى. بىراق، ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ قولىنى «بۇلغاشنى» خالىمىغانلار تېخىچىلا گېمۇررويىنىڭ جاپاسىنى تارتىپ يۈرىدۇ.

يەنە بىر مىسال، ياركەنتكە كاماندىروپكىغا بارغانىدىم. قەرەللىك كۈن ئاياغلىشىپ ئۆيگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتىمەن. شۇ ئارىدا ئاغىنەم تۇرداخۇن مەشرەپۋۇننىڭ بازار تەرەپتە ئىشى چىقىپ قالدى. بىللە بېرىپ كەلمەكچى بولدۇق. ئىشىكتىن شۇنداقلا چىقساق، شامال چىقىۋېتىپتۇ. بىز بازارغا يېتىپ بارغۇچە ئۇ ئوبدانلا كۈچىيىپ، بورانغا ئايلاندى. مەن ياركەنتتە نۇرغۇن قېتىم بولغان، لېكىن مۇنچىلىك قاتتىق بوراننى كۆرمىگەن.

ماگىزىنغا كىرىپ خېلى كۈتتۇق، بىراق بوراننىڭ توختايدىغان تۈرى يوق ئىدى. كوچىغا ئىلاجىسىز چىقتۇق. دەرەخلەرنىڭ ئۇچى غاراسلاپ سۇنۇپ چۈشۈۋاتىدۇ. ئۈستى قەلەي بىلەن يېپىلغان ئۆيلەر غاراسلاۋاتىدۇ. بوران كوچىغا تاشلانغان قەغەز، گېزىتلەرنى، ئومۇمەن ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ كۆن يېتىشقا ـ ئۆسەككە ئۇچۇرۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىر

ئۆي چېدىردىكى قەلەينى يۇلۇپ داراڭلاتسا، شىفىرلانغان ئۆيلەر چېدىرغا دەھشەت سالاتتى. ئۆيلەرنىڭمۇ، دەرەخلەرنىڭمۇ دالدىسىدا تۇرۇش خەتەرلىك ئىدى. تۇرداخۇن ئىككىمىز كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، ئۆيگە يۇگۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. ئۆيگە ئاران دېگەندە يېقىنلاشتۇق. ئىشىكنى شۇنداقلا ئېچىشىمىزغا بىزنى مەرۋانەم قارشى ئالدى. ئۆڭسىلى يوق.

ــ قىزىمنىڭ ئۇستىگە دەرەخنىڭ سۇنغان شېخى چۈشۈپ كېتىپتۇ ــ دېدى ئۇ بىردىن.

ــ ئىشقىلىپ ئامانمۇ؟ ــ دېدىم ئالدىراش.

ــ ئامان. بىراق جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتىدۇ. جىددىي قۇتقۇزۇش چاقىراي دېسەم ھېچ ئۇنىمايدۇ. ئەتە ئىشتىن قالىدىغان بولدۇم، دەپ يىغلاۋاتىدۇ.

ئازاد تۇرداخۇنلارنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى. شۇ مەزگىللەردە ئۇ يە تۆتىنچى، يە بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتاتتى،

ــ بولدى، قىزغا ھازىر دورا قىلىمىز، ــ دېدىم ئەنسىزچىلىك ھالدا ئانىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، سۈيدۈككە مەرۋانەم بەرگەن ياغلىقنى چىلاپ قويدۇم.

ــ مەرۋانەم سىز ئانىغۇ، مۇنۇ ياغلىقنى سەل سىقىۋېتىپ، قىزنىڭ شۇ ياغاچ تەگكەن مۇرىسىگە مەھكەم باغلاپ قويۇڭ، ــ دەپ بانكىغا تۇتقازدىم.

ئەتىگەنلىكى ھويلىدا تاماكا چېكىپ تۇرسام تۇرداخۇننىڭ شۇ قىزى ئۆيدىن سومكىسىنى مۇرىسىگە سالغان ھالدا چىقىپ كەلدى.

ــ ھوي، قىزىم نەگە؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ئىشقا

ــ مۇرىڭىز قانداق؟

ــ ياخشى، چوڭ دادا.

ــ بۇگۈنچە سورىنىپ ئىشتىن قالسىڭىزمىغۇ، قىزىم. ئاخشامقى دورىنى بۇگۈن يەنە بىر ـ ئىككى تەكرارلىغىنىڭلار ياخشى بولاتتى.

ــ سىزگە رەھمەت، چوڭ دادا. قولۇم ياخشى، ئىشتىن قالماي. دورىنى ئاخشاملىقتا چوقۇم تەكرارلايمىز.

ــ ۋاي بىر جېنىڭىزغا مىڭ جان بەرسۇن، ــ دېدى مەن يولغا چىققىلىۋاتقاندا مەرۋانەم، ــ چوڭ ئاپام سىزنى بىز ئۇچۇنلا تۇغۇپ قويغان ئىكەنغۇ، ئىگەكىم. بىزدىن قايتمىسا، خۇدادىن قايتار، كۆپ رەھمەت.

بەزىلەرنىڭ ئاغرىقنى بەجايىكى ئاسماندىن چۈشكەن بىر نەرسىدەك كۆرۈشى مېنى تالاي ئەجەبلەندۈردى. ھېچقانداق ئاغرىقنىڭ تاشقىرىنىڭ تەسىرىسىز ئۆزى پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ سەۋەبى بار. كۆپچىلىك ئاغرىق پەقەت سوغدىن، بۇگۈنكى كۈندە نېرۋىدىن بولىدۇ. ئاغرىققا دىئاگنوز قويغاندا، داۋالىغاندا شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. بۇ ھاياتتا ھەر بىر ئادەم ئۆز بېشىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كەچۈرىدىكەن. كۆپىنچىسى ئۆزۈڭنىڭ مەيلى ئەمەس. مەسىلەن، ئۆزۈمنىلا ئېيتسام، كەنجى بالىمىزنىڭ سالامەتلىكى سەۋەبىدىن، دوختۇرلار ھاۋا ئالماشتۇرۇپ كۆرسەڭلار بولامدىكىن، دەپ مەسلىھەت بەردى. «بىر چوڭنىڭ، بىر كىچىكنىڭ سۆزىگە كىر» دېگەندەك، دوختۇرلارنىڭ سۆزىگە كىرمەسلىككە بولمىدى. ئۆيدىكىلەر قىزنى ئېلىپ چونجىغا كەتتى ـ دە، ئۈچ يىل شۇ يەردە تۇردى. مەن ھەر ئىككى ھەپتىدە بېرىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىم.

## يەنە پۇت ھەققىدە

بالا ـ چاقىنى يەنە بىر نۆۋەت يوقلاپ كەلگىنىمدە ئۆيدىكىلەر:

ــ مۇنۇ ئۇدۇل قوشنىنىڭ پۇتى ئىششىپ ئۆيدىن چىقالماي ئولتۇرۇپ قالدى ــ دېدى.

ــ نېمە بوپتۇدەك؟

ــ بىلمەيمەن، ئۇ كىشىنىڭ يۈرىكى ئاغراتتىكەن. يۈرىكىڭىزنىڭ كېسلى پۇتىڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېسەم كۈلىدۇ.

ــ ھەر ئىككى پۇتى تەڭلا ئىششىپتىمۇ، ياكى بىرىمۇ؟

ــ بىرى، پۇتىنىڭ يۈزلۈكى، ھوشۇقى.

ــ پۇت يۈرەك ئاغرىقىدىمۇ ئىششىدۇ. بىراق، سىنىڭ گېپىڭگە قارىغاندا م. نىڭ پۇتى يۈرىكىدىن ئەمەس، باشقا بىر سەۋەبتىن ئىششىغان. كىرىپ ھالىنى سوراپ چىقاي ــ دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم.

م. پۇتىنى كونا ياغلىق بىلەن ئوراپ، دىۋاندا يېتىپتۇ. مېنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

ــ قارىسالاڭ ئاداش، مۇنۇ پۇتىنىڭ ئەلىمىنى!

ــ نېمە بولغان؟

www.uyghurkitap.com



—بىر كېچە ئۇچىدىلا ئۇششۇپ كەتتى...

—ئۆزلۈكىدىن بولىدىغان ئىش يوق، ئاداش،—دېدىم-دە مەن ئۆز تەخمىنلىرىمنى ئېيتتىم ۋە شۇ توغرىسىدا ئويلاشنى سورىدىم.

ئادەملەر قىزىق، مېنىڭ ئاغرىقىمنى ئۆزۈمدىن سورىغىچە، دوختۇر بولغاندىن كېيىن ئۆزى تاپمامدۇ، دەپ دوق قىلىدۇ. ئاغرىقنى سوراپ بىلىش تېبابەتنىڭ بىرىنچى شەرتى. چۈنكى سوراش جەريانىدا ھەممە نەرسە ئېنىقلىنىدۇ.

—يە پۈتلاشقىنىم، يە يىقىلغىنىم يادىمدا يوق. كىم بىلىدۇ، تىرىك بەندە بولغاندىكىن، بەلكى... ئايالى، «يۈرىكىڭىزنىڭ ئاغرىقى پۇتىڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەيدۇ. يە شۇنداقمۇ؟

—يۈرەكتىن بولغاندا، پۇتۇڭ پاقالچاقلىرىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئىششىيدۇ. سېنىڭ پۇتۇڭدىكى ئىششىق تامامەن باشقا، سەن ئوبدانراق ئويلا. قىزىمنىڭ مەكتەپتىن كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. مەن كەچتە كىرىمەن،—دېدىم.

م. نىڭ ئۆيىگە كەچكى غىزادىن كېيىن كىردىم.

—بۇنىڭدىن خېلى يىل ئىلگىرى سارتوقايدا ئۈچ-تۆتىمىز يوغان بىر كۆتەكنى دۈگىلىتىپ كېتىپ باراتتۇق. نېمە سەۋەب بولدى، بىلمەيمەن، كۆتەك كەينىگە ياندى. شۇنداق قاچىمەن دەپ، مۇنۇ پۇتۇمنى قايرىۋالغان،—دەپ م. ئۆز تارىخىنى سۆزلەشكە باشلىدى،—ئۇنىڭدىن كېيىن تالاي يىللار ئۆتتى. شۇنىڭ دەردى ئەمدى چىقىشى مۇمكىنمۇ؟

—ھە، مانا سەن تېخى ئۆز-ئۆزىدىنلا ئىششىپ كەتتى دەيسەنا،—دېدىم،—ئۇ ۋاقىتتا سەن ياشراق ئىدىڭ. بۈگۈن بولسا يېشىڭ ئەللىك. كونىلار يېڭىلىنىۋاتىدۇ. شۇندا ئۆلگەن كىلىتكىلار ئەمدى ئۆزىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. ئەمدى مۇنداق قىل: ئاۋۇ تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوغلۇڭنى بىر قاچىغا سىيگۈز-دە، مۇنۇ پۇتۇڭدىكى ياغلىقنى چىلاپ تېڭىۋال. ياتقىچە ئىككى قېتىم قىلساڭ، ياخشى بولاتتى. ئەتىگىچە ئۆزۈڭنى خېلىلا ياخشى ھېس قىلىسەن.

—ئوڭايلا بىر نەرسىنى دېدىڭغۇ،—دەپ كۈلدى م. ئۆز ئادىتىچە،—بولدى، تۆت قېتىم بولسىمۇ قىلىمەن. بۇنى دوختۇرلار بىلمەيدىكەندە، باللىرىم شىپاخانىغا ئاپىرىۋېدى. ۋىشنېۋسكىي ماز دېگىننى بەردى. ئۈچ كۈندىن بېرى سۈركەۋاتىمەن، بىر تىيىنلىق پايدىسى يوق.

—ئىككى قېتىم كۇپايە. مەن ئەتىگەن كىرىپ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىمەن،—دەپ چىقىپ كەتتىم.

ئەتىگەنلىكى كىرسەم م. نىڭ ئايالى ھويلىسىنى سۈپۈرۈۋېتىپتۇ.

—سىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىمەن دەۋاتاتتى، چىقمىدىما؟

—ئۇنداق بولسا، نەگە كېتىدۇ. يىراققىمۇ كەتمىدى. يە باغقا چىقتىمىكىنتاڭ،—دەپ ئايال باغ تەرەپنى بويلىدى،—ئەنە دېدىمغۇ يىراققا كەتمىدى دەپ، ئۈزۈملەرگە قاراپ يۈرۈپتۇ-دە.

م. ھاسا تاياق بىلەن كېلىپ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

—ئاداش، ئىششىق تۈنۈگۈنكىگە نىسبەتەن خېلىلا قايتتى،—دېدى ئۇ سالام-سائەتتىن كېيىن،—سېنىڭ بۇ دورىڭنىڭ راستلا جېنى بار ئوخشايدۇ.

—بىكار تالاغا چىقىپسەندە، زورۇقتۇرۇپ قويۇشىڭ مۇمكىنغۇ، بۈگۈنچە ئۆيدىن چىقماي دورا قىلغىنا!

—زېرىكتىم، ئاداش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇم مەكتەپكە كەتتى، چىقىپ سېنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلىشاي دەپ...

ھەر ھالدا مەن ئالمۇتىغا قايتقىچە م. نىڭ پۇتىدىكى ئىششىق تولۇق دېگۈدەك يېنىپ بولغانىدى. ئاڭلىشىمغا قارىغاندا م. مۇبادا نەۋرىلىرىدىن بىرەرسى سۈرۈلۈپ يىقىلىپ قالسا ياكى باشقا بىر سەۋەب بىلەن زەخىملەنسە، دەررۇ سۈيدۈكنى دورا قىلىپ يۈرگىدەك. ئۇنىڭدا تۇرغان نېمە بار. ئاساسىي گەپ بالا-چاقا سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

بەزى-بەزىدە قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە نۆۋەت بىلەن كىرىپ ئەھۋال سوراش ئادىتىم بار. بۇ ئادىتىم ياخشىمۇ، يامانمۇ بىلمەيمەن. لېكىن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قۇدرىتىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرمىسەم ئۇلارمۇ:

—يوقاپ كەتتىڭىزغۇ، كۆرۈنمەيسىزغۇ،—دەپ خاپا بولغاندەك قىلىدۇ. مۇشۇ يېقىندا ب. ئىسىملىك يەنە بىر قوشنىنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ھەمىشە سەرەمجان تۇرىدىغان بۇ ئۆي بوسۇغىسىنى ئاتلىشىم بىلەن كۆڭلۈم بىر تۈرلۈك بولۇپ قالدى. ئايال كىشىنىڭ قولى تەگمىگەنلىكى بوسۇغىدىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ب. نىڭ چىرايىنىڭ سۇنۇقلۇقى، ئەتتەڭ، نېمىشقىمۇ كىرگەندىمەن، دېدىم.

ــ سىڭىل كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ــ دېدىم ساھىبخانىغا شۈبھىلىك قاراپ. چۈنكى بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا نېرى ئولتۇر، بېرى ئولتۇر پات ـ پاتلا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىشقۇ.

ــ قارالڭ ئاكا، بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى ئاشقازىنى ئاغرىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي ياتىدۇ ــ دېدى ب. سولغۇن قىياپەتتە.

ــ دوختۇر چاقىرمىدىڭلارمۇ؟

ــ چاقىردىم. دورىلارنى يېزىپ بەردى. بىراق كېلىنىڭىز ھېچ ئۇنىمايدۇ. كۆڭلى ئاختۇرۇلۇپ، ھېلىدىن ھېلى كۆپۈك قۇسۇۋاتىدۇ.

ــ ئەجەب ئىش قىپسىلەردە ئۇكا، يېزىپ بەرگەن دورىنى ئالماي، رېتسېپلىرى قېنى، مەن كۆرەيچۇ.

ب. سېرۋانت ئۈستىدىن ئۈچ پارچە قەغەزنى ئېلىپ ماڭا بەردى. ئوكۇل، تابلېتكا دورىلار، ئالماگېل، سېۋمۇسېتىن، مېتىلراسېن. بەزىلىرىنى بىلمەن، بەزىلىرىنى ئاڭلاپ كۆرمىگەن ئىكەنمەن. س. غا ئۇلارنىڭ قايسىسى ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ــ كېلىنىنىڭ مېھمانخانىغا چىققىدەك ئەھۋالى بارمۇ؟ ـ دېدىم ب. نىڭ كۆزلىرىگە تىك قاراپ.

ــ چىقار، ـ دەپ غۇدۇڭشىدى ب، ـ مەن كىرىپ دەپ كۆرەي.

ب. كۆپ كېچىكمەي ئىچكەركى بۆلمىدىن قىرىقلارغا ئۇلىشىپ قالغان ئايالى س. نى باشلاپ چىقتى. بىچارە ئايالنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى بەجايىكى، پاتلانغان قىرىنغىلا ئوخشاپ كېتىپتۇ. كۆرسە ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ.

ــ بۇ دورىلارنى ئىچىپ كۆرگەنمەن، ــ دېدى س. مېنىڭ قولۇمدىكى رېتسېپلارغا قاراپ، ــ ئوكۇلنىمۇ ئالغان. بىراق، پايدىسىنى كۆرەلمىدىم. ئورگانىزمىمنى زەھەرلىگەندىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايۋاتىدۇ.

س. نىڭ گەپ قىلغىدەك خۇشىمۇ، ماغدۇرىمۇ يوق. ئىلاجىسىزلىقتىن ئالدىمغا چىقىپ ئۆزىنى مەجبۇرلاپ سۆزلەۋاتاتتى.

ــ بىر دورا بۇيرۇسام ئىچەمسىزكىنتالڭ؟ ـ دېدىم ئېھتىياتچانلىق بىلەن.

ــ كۆكتات دورىمۇ؟

ــ ياق.

ــ يەنە قانداق دورا باركىنتالڭ ــ دېدى ئۇ قاشلىرىنى سۈزۈشتۇرۇپ.

بىردىن ئېيتىشقا ئاغزىم بارماي، تۇكۇرۇكۇمنى يۇتۇپ سەل تۇرۇپ قالدىم. كېيىن ئاستا يىراقتىن ئەگىتىپ ئېيتتىم. ئۇنداق بولغىنى تۇغقانلاردىن بىرى يېڭى كىرگەن كېلىنى بۆرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ، دېسە، ئاۋۇ يەردە ئالمىسىركىسى بار ئىچ دەپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان كېلىن ئېگىر ـ توقۇمنى قارنىغا ئارتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپتۇ.

يەنە بىر ـ بىرىمىزنى چۈشەنمەي، ئەنە شۇنداق كۆڭۈل ئاغرىقى چىقمىسۇن، دېگەنىدىم.

ــ ھېچبولمىغاندا ئەتىگەنلىكى ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا بىر قېتىم، كەچقۇرۇن يېتىش ئالدىدا بىر قېتىم.

ــ ئاشقازانىنىڭ ئاغرىغىنىنى ئاز دەپ تۇمۇ تەگسە كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن خېلى يىل ئىلگىرى ئۆپكەمگە سوغ تېگىۋېدى. ھەممىسىنى قوزغىۋەتمىسە.

گېپىگە قارىغاندا س. سۈيدۈكنى ئىچىشكە تەييار مېنى خۇشال قىلىشمۇ شۇ. بۇ ئۆز جېنىغا ئىچىنىدىغان، ھاياتنى سۆيىدىغان، بىر كۈن بولسىمۇ كۆننىڭ سىرىقىنى كۆرۈش ئىشتىياقىدىكى ئادەمنىڭ ئىشەنچى ئىدى. ئۇ ماڭا خۇددى «ئەگەر داۋا بولىدىغانلا ئىش بولسا، ئىبلىسنىڭ سۈتىنى ئىچىشكىمۇ تەييار» دەيدىغاندەك كۆرۈندى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى ئىشەنچلىك سۆزلەشكە باشلىدىم:

ــ بىر ئاغىنەم ئۆپكىسىگە سوغ تەگكەندە شۇنىڭ بىلەن كومپرېس ياساپ، چاپسان ساقىيىپ كەتكەنىكەن. يەنە بىر مىسال، 50 ـ يىللىرى مۇشۇ ئالمۇتىدا بويى ئىككى مېتىردىن ئېگىز ۋاسيا دېگەن بىر چېچەن يىگىتى بار ئىدى. تونۇغانلار شۇ ۋاسيانى سىل كېسەل ئىكەن، ھازىر ياش ئوغۇل بالىنىڭ ئالدى تەرىتىنى ئىچىۋېتىپتۇ دەيتتى. دېمەك، بۇ سىزگە ھەممە جەھەتتىن باپ دورا چىقتى. مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ بۇگۈندىن باشلاپ، قېرىندىشىم، سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا قەست قىلىدىغان مەن كىم شۇنچە؟

ــ زەھەرلىنىپ قالمىساملا...!

ــ ياق.

www.uyghurkitap.com



ــئۆزىڭىزنى چىڭ تۇتۇڭ، ماڭا ئىشىنىڭ.

ــنەچچە كۈن ئىچسەم بولار؟

ــبۇگۈن ئۇنى كېسىپ ئېيتىشقا ئاجىزمەن. چۈنكى تا بۈگۈنگىچە بۇ ئىش توغرىسىدا بىرەر كىتابتىمۇ يېزىلمىغان، بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر يوشۇرۇپ ئېيتقىلى ئۇنىمايدۇ، نومۇس قىلىدىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، نەچچە كۈن ئىچىشىڭىزنى ھايات بەلگىلەيدۇ. كۆز قورقاق، قول باتۇر، سىز دېگەن ئۇششاق باللىق ئانا، سالامەت بولۇشىڭىز كېرەك.

س. قاشلىرىنى سۈزۈشتۈرۈپ، بېشىنى ئىرغاتتى.

ــقىلسىڭىز ئەنە، قىلمىسىڭىز ئەنە، ماڭا نېمە؟

بۇ ئۆيدە يەنە ئولتۇرۇشنى ئورۇنسىز كۆردۈم ــ دە، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم.

ب. نىڭ ئايالىدىن خەۋەر بولمىدى. ھالىنى سوراپ قوياي، نېمە قىلىۋاتىدىكىنە دەپ، يۈزى قېلىنلىق قىلىپ باردىم. بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەي تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى س. نىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، كۆزلىرى كۆلۈپ تۇراتتى.

ــسىز بۇيرۇغان دورىنى ئىچىۋاتىمەن، ئاكا. راست، دەسلەپ بىر تۈرلۈك ئوڭايسىز كۆرۈنىۋېدى. كېيىن ئۆگىنىپ كەتتىم. كەينىدىنلا زاكۇسكىغا سوغۇق سۇ ئىچىۋاتىمەن.

بىر ئاغىنىنىڭ كۈندە ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپ، كولونكىدىن مۇزدەك سۇ چىقىرىپ ئىچىپ، ئاشقازىنىمنى داۋالىۋالدىم، دېگەن گېپى يادىمغا كېلىپ، س. نىڭ «زاكۇسكىغا سوغۇق سۇ ئىچىۋاتىمەن» دېگىنىگە قارشىلىق بىلدۈرمىدىم.

ــكۈنىگە قانچە قېتىم بولۇۋاتىدۇ؟

ــئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن؟ ــ دەپ س. مىيىقىدا كۈلدى، ــسىزدىن نېمىسىنى يوشۇراي، ھەممىسىنى زايە قىلماي ئىچىۋاتىمەن، دېسەم ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن. ھازىر ئوبدان ئۆگىنىپ كەتتىم. 20 كۈن ئىچىشكە قارار قىلدىم. كېيىنكىسىنى سىز دېگەندەك ھايات بەلگىلەر بەلكى. تۇمۇمۇ كەتتى. ئۆپكەمدە بىر يەر سانجىغاندەك قىلاتتى، ئۇمۇ بېسىلدى. راست ئىككى كۈن ئىچىمدىن شۇنداق خەپرۇك ياندى ــ دە. قىسقىسى ئاكا، سىزگە بىر لەگمەن قەرز بولۇۋاتىمەن.

ــبىر لەگمەن بىلەنلا ئاسان قۇتۇلماقچىمۇسەن؟ــ دەپ چېقىشىپ كۈلدى ب.

ــلەگمەننىڭ چېغى چاغلىق قېرىندىشىم. سالامەتلىكىڭىزنىڭ تۈزۈلۈۋاتقانلىقى خۇشاللىق.

شۇنىڭدىن بۇيان ئۈچ يىل ئۆتتى. س. نىڭ چىرايى باشقىچىلا ياشىرىپ كەتتى. دوختۇرغا ماڭغىنىنىمۇ كۆرمەيسەن. ئۆزى ئېيتمايدۇ، لېكىن ئىچىشنى ھېلىغىچە توختاتمىدىغۇ دەيمەن.

مەدەت تىلەپ ئالدىمغا كەلمىگەن تونۇش ــ بىلىشلەر قالمىغان بولسا كېرەك. ھ. ئىسىملىك ئوتتۇزدىن ئېشىپ قالغان بىر تونۇشۇم كەپتۇ. بۇ ئايالنىڭ گەدىنىگە قىچىشقاق چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا قەرىقىز يىلتىزىدىن ياسالغان ماي بەردىم. بەختكە قارشى بۇ ماي قىچىشقاقنى قاتۇرغىنى بىلەن ساقايتالمىدى. يەنە ئەدەپ ئايالنىڭ ئارامىنى بۇزدى. بۇنىڭدىن خېلى يىل ئىلگىرى كىمدۇر بىرىدىن قولغا چىققان تەمرەتكە شەكلىدىكى قىچىشقاقنى ئايدىڭدا ئولتۇرۇپ، ئالدى سۈيدۈك بىلەن يۇسا ناھايىتى پايدا قىلىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ئايالغا شۇنى ئېيتىشقا تەمشىلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. چۈنكى ئايال كىشى ناھايىتى نازۇك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئايال ئۆزىنى سىلاپ ــ سىپاپ يۈرىدىغان، سەللا ئىشتىن بوغۇزى چۈشۈپ قالىدىغان ئادىتى بار.

ــسىڭلىم ئۆيۈڭلەردە ھەدىڭىزنىڭ يا سىڭلىڭىزنىڭ نارەسىدە ئوغلى بارمۇ؟ــ دەپ سورىدىم.

ــنېمە بولدى؟ ــ دەپ چەكچىيىپ قارىدى.

ــمۇشۇ جاھىل قىچىشقاقنى ئوغۇل بوۋاقنىڭ سۈيدۈكىدە بىر ــ ئىككى قېتىم يۇيۇپ باقامسىزكىن، دېمەكچى ئىدىم.

ھ. شۈككىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ــ بۇنىڭ نېمە يامىنى بار، ئاخشىمى بىر ــ ئىككى قېتىم يۇيسىڭىز ئەتىگەنلىكى ئىشقا ئۆزىڭىزنى تۈزەپ كەلمەمسىز.

ئۇ يە ماقۇل، يە ياق دېمىدى. بىراق، ئارىدىن ھەپتە ئۆتتۈپ ئۆيگە تېلېفون قىپتۇ.

ــسىڭلىمنىڭ بوۋاق ئوغلىنىڭ ئالدى تەرىتى بىلەن ئىككى قېتىم يۇيۇۋېدىم. قىچىشقاقنى تۆكۈۋەتتى. شۇ چاغدا ئارتۇق گەپ قىلىپ قويغان بولسام كەچۈرۈڭ،ــ

دېدى.

ــ ئۇ ۋاقىتتا ئارتۇقچە گەپمۇ بولمىدى، بىراق يېڭىلىقنى خەۋەر قىلغىنىڭىزغا رەھمەت ــ دېدىم.

ئالدى سۈيدۈك تۇغرىسىدىكى باپ بەك ئۇزىراپ كەتتى. بىرنى يازسام يەنە بىر پاكىت قېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇرلارغا مۇنۇ ــ مۇنۇ ئاغرىقلارغا سۈيدۈكنى ئىشلەتكىن، دەپ ئېيتمىساق، ئۆزلىرى ئىجادىي ئىنتىلىپ ئىشلەمەي يەنە قانداق ئاغرىقلارغا دورا دەپ سورايدۇ. شۇڭا بەزى مۇھىم دېگەن نەرسىلەرگە تەپسىلىيرەك توختالماي ئىلاج بولمىدى.

سۈيدۈكنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيتى توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، ئىختىيارسىز مۇنداق بىر ۋەقەنىمۇ سۆزلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بىر كۈنى ئۆيگە ر. ئىسىملىك ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر تونۇش ئايال كىرىپ كەپتۇ.

ــ تۆت ياشلىق قىزىمنىڭ قۇلىقى ئاقىدۇ، سانجىپ ئاغرىيدۇ ــ دېدى ئۇ سەل سۈكۈتتىن كېيىن ــ تۆت كۈن بولدى، نېمە قىلارىمنى بىلمەيمەن، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كىردىم.

ــ دوختۇرغا بارمىدىڭىزمۇ؟

ــ بارمامدىغان، جېنىم ئاكا، بالامنىڭ جېنى قاقشاۋاتسا، دورا يېزىپ بەردى، شۇنى تېمىت دەيدۇ. ھاراق بىلەن كومپرېس قىل، دېدى، ھەممىسىنى قىلىۋاتىمەن. ئەمما ھېچبىر كارغا يارىمايۋاتىدۇ. ئەمدىكى ئۈمىد پەقەت سىزدە.

ئىلمىي تېبابەتتىن بىلىمى يوق ئادەمنىڭ، ئۆزىڭىز بىلىسىز، كۆز، قۇلاققا ئوخشاش ئادەمنىڭ نازۇك جايلىرى بىلەن ئويىنىشىش مېنىڭچە بولغاندا جىنايەت، تاشقى ئاغرىقلار بولسا، باشقا گەپ.

ــ ئاقىدۇ دېدىڭىزما؟ ــ دېدىم سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن.

ــ ئاقمامدىغان! ھەممىدىن سانجىشىدىغىنى جېنىم قىزىمنىڭ جېنىدىن ئۆتتۈۋاتىدۇ، سانجىغاندا بىچارە قىزنىڭ ئۈنى چىقىپ كېتىدۇ.

ــ باش پىيازنى تېرىكىدىن ئۆتكۈزۈپ مىجىپ ئېلىنغان شىرىسىنى تامچىلىتىپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۇمۇ ئاققان قۇلاقنى تازىلايتتى.

ــ جېنىم ئاكا، بورنىي ئىسپىرت قۇيۇپ يۇمران بالىنىڭ قۇلىقىنىڭ پەردىلىرىنى كۆيدۈرۈپ بولدۇم. ئەمدى ئۇنىڭغا ئاچچىق پىياز شىرىسىنى قۇيسام نېمە بولماقچى؟

ئانىنىڭ تەشۋىش ـ ئەندىشىسىنى ياخشى چۈشىنىمەن. بورنىي ئىسپىرتنى نورما بىلەن قۇيسىمۇ قىزنىڭ قۇلاق پەردىلىرى كۆيۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئانا ئويلىغاندەك قۇلاق پەردىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بولسا، ئۇنى نېمىشقا ئىشلەپ چىقىرىدۇ، دوختۇرلار نېمىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ؟

بورنىي ئىسپىرتمۇ، پىياز شىرىسىمۇ بالا قۇلىقىغا سەلبىي تەسىر قىلمايتتى. پىياز شىرىسى ئاغرىقنى باساتتى. مۇبادا ئىششىق بولسا چاپسان ئېغىز ئالدۇراتتى. قۇلاق تازىلىناتتى. پىياز شىرىسىنى قۇلاققا چېلەكلەپ قۇيمىغاندىن كېيىن.

لېكىن ر. نىڭ ھازىر ھېچ نەرسىنى چۈشەنگۈسى، ھېچنېمىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ئۇنىڭغا سىلىقىدا سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى.

ــ بۇ قىزىڭىزدىن چوڭ بالىڭىز باردۇ؟ ــ دېدىم.

ــ بار، ئۈچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نېمىسىنى سوراۋاتىسىز؟

ــ مانا شۇ ئوغلىڭىزنى ئىستاكان قاتارلىق بىر پاكىز قاچىغا توسۇڭ. ئۆيۈڭلاردا دورا تېمىتىدىغان پىپەتكا باردۇ؟ پىپەتكا بىلەن ئىسسىق سۈيدۈكتىن قىزىڭىزنىڭ ئاغرىۋاتقان قۇلىقىغا، ھەر ئىككىسى ئاغرىسا ھەر ئىككىسىگە ئىككى تامچىدىن تېمىتىڭ ــ دە، پاختا تىقىپ قويۇڭ ۋە ياغلىق تاڭدۇرۇپ قويۇڭ.

ــ بولامدۇ؟

ــ بولمايدىغان ئىشنى تەكلىپ قىلاتتىممۇ؟ بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىپلا ياتقىچە ئىككى قېتىم تېمىتىڭ. سۈيدۈك يېڭى بولسۇن. ئىشەنچىم كامىلكى، قىزىڭىز ئەتىگىچە ياخشى بولىدۇ. يەنە بىر ئېيتىپ قويىدىغان نەرسە، قىز ناھايىتى قاتتىق ئۇخلايدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ.

ر. باشقا باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئېيتىپ مېنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرمىدى. ئەتىگەنلىكى ئىشقا ماڭاي دەپ تەييارلىنىۋاتسام. تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرۇپكىنى ئالسام:

ــ ئاكا كەچۈرىسىز، ۋاقتىڭىزنى ئېلىۋاتىمەن. قىز تېخىچە ئۇخلاۋاتىدۇ ــ دېدى.

ــ تۆت كۈن ئۇخلىمىغان بالىنى ئۇخلاتماي نېمە

قىلىسىز، تەگمەڭ، ــ دېدىم جىددىي، ــ ئۇيقۇسى قانغاندا ئۆزىلا تۇرىدۇ. بىراق بۈگۈنمۇ شۇ دورىدىن ئۇنتۇماي ئۈچ - تۆت قېتىم تېمىتىڭ. چۈشەندىڭىزمۇ؟ كەچقۇرۇن ماڭا تېلېفون قىلىشنى ئۇنتۇماڭ

ــ چۈشەندىم، ئاكا...

كەچكى غىزادىن كېيىن تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى.

ــ ئاكا، قايسى كۈنلىرى ۋاقتىڭىز بولار؟ ــ دېدى ر، مەن ئۇنى ياخشى چۈشەندىم.

ــ ھېچ ئاۋارە بولماڭلار، قېرىنداش، ــ دېدىم سىلىقىدا، ــ سىلەرنىڭ بالاڭلار كىم، مېنىڭ بالام كىم؟ مېنىڭ ئۈچۈن ھەممە بالىلارنىڭ خاتىرجەملىكى ئەلا.

ــ شۇندىمۇ ئاكا، قىزىمغا بىر مىنۇت بولسىمۇ ئاراملىق تىلەپ ئالدىڭىزغا كىرگىنىمدە، چىرايلىق گېپىڭىز بىلەن يولغا سالدىڭىز. مەسلىھەتىڭىزنى ئايىمىغىنىڭىز ئۈچۈن بېشىمىزدا كۆتەرگۈدەك بولۇۋاتىمىز. كىرىپ ھېچ بولمىغاندا قىزىمىزنىڭ خاتىرجەم ئويناۋاتقىنىنى كۆرۈپ چىقىپ كەتسىڭىزمىكىن.

ــ بۇ باشقا گەپ، ھازىر ھەدەڭلار ئىككىلەن كىرىدىمىز. بىراق، ھېچ نەرسىگە ئاۋارە بولماڭ.

كىرسەك قىز ھەقىقەتەنمۇ خاتىرجەم ئويناۋېتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ خۇددى لاتارېيىدىن چوڭ نەرسە ئۇتۇۋالغاندەك خۇشال بولدۇم.

ــ ئۇنتۇماي، داۋالاشنى يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇڭ، ــ دېدىم خوشلىشىۋېتىپ، ــ قولاق ئىچىدىكى سوغۇق تەگكەن يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەسلىگە كەلسۇن.

ــ دېگىنىڭىزدەك بولىدۇ ئاكا، ھەممىسى ئۆزىمىز ئۈچۈنغۇ.

ئەرزىمەس دورا بۇيرۇپ، يەنە بىر ئائىلىدە چوڭ ئابرۇي قازاندىم. خۇدايىمنىڭ شۇ دەرىجىدە يەتكۈزگىنىگە رەھمەت.

بىر كۈنى، تېخى ئىش ئورنۇمدا ئىدىم. بۆلۈمگە 25 ـ 26 ياشلاردىكى ز. ئىسىملىك بىزنىڭ سابىق خادىمىمىز كىرىپ كەلدى. يۈزى ئىششىغان بولۇپ، كۆزلىرى كىرتەيگەن، سالاملىشىپ بەرگەن قوللىرىدىن ئوت چىقىپ تۇراتتى. دەل شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ھارارىتى يۇقىرى بولۇپ، بەدىنىنى بۇجىدە تەر بېسىپ تۇراتتى. سۆز قىلغىدەك ئەھۋالى يوق.

ــ نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدىم.

ئۇ تامىقىنى ئىشارە قىلغان ھالدا ئاران «ئاغرىۋاتىدۇ» دېدى. ئىككى كۈندىن بېرى يە بىر يۇتۇم چاي ئىچىپ، يە بىر چىشلەم نان يېمىگەن. ھەتتا تۈكۈرۈكىنى يۇتۇشنىڭ قانچىلىك ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى ئاران چۈشەندۈردى. كۆڭلى يېقىن ئۈچۈن مەدەت سوراپ ئالدىمغا كەلگەن. لېكىن ئىش ئورنىدا ئۇنىڭغا مېنىڭ نېمە بېرىشىم مۇمكىن؟ ئىمكانىيىتىڭ بولسا غاڭزىگۇل، چوشقا ياڭىقى قوۋزىقى ياكى ئېۋكالىپت تېپىپ قايناتىپ ئىسسىق - ئىسسىق چايقا، دەپ مەسلىھەت بەردىم، ھېچبولمىغاندا قازان قۇرۇمى بىلەن تامىقىنى كۆتەرگۈزگىن دېدىم.

ئەمما، دەل شۇ دەقىقىلەردە مېنىڭ بۇ مەسلىھەتلىرىم ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق گەپ ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق گەپتىن كۆرە، جېنىغا چاپسان ئەسقاتىدىغان دورا كېرەك. ئىشنى تاشلاپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كېتىشكە يەنە بولمايتتى. چۈنكى تەرتىپ دېگەن تەرتىپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئاق قار، كۆك مۇزدا ئۇ مەن ئېيتقان شىپالىق گىياھلارنى نەدىن تاپىدۇ؟ شۇ خىل ئىككى تاش ئوتتۇرىسىدا قېلىپ خىيال چېكىۋاتقاندا يادىمغا سۈيدۈك كەلدى.

ــ سېنىڭ بۇ يەردە ئۆيۈڭمۇ يوق، يامان بوپتۇ، ــ دېدىم ئۇنىڭغا خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، ــ بىر دورا ئېيتسام، كۆڭلۈڭ تارتامدىكىنتاڭ؟

ــ ئاكا، نېمىلا بولسا مەن تەييار! ــ دېدى ئۇ، ــ بۇ ئاغرىق جېنىمدىن يامان ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. مېنى توغرا چۈشىنىڭ، قاراڭا، بويۇن - قۇلاقلىرىمغىچە قوشۇلۇپ ئاغرىۋاتىدۇ. تىلىمنىڭ چۆرىسى خۇددى ھەرىنىڭ چىشىغا ئوخشاپ قالدى.

ــ شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا جىددىي بىر دورا تەكلىپ قىلماقچىمەن. ھازىر ئوتتۇر چۈشكەن ئۆيۈڭگە بارىدە، بىر ئىستاكانغا سۈيدۈكىڭنى ئېلىپ ئاغزىڭنى چايقا، ئىچ، ئەگەر پىيپتكا بولسا، قۇلىقىڭغا ئىككى - ئۈچ تامچە تېمىتىۋەتسەڭ تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر سۇ ئىچكۈڭ كەلسە مەيلى، بىراق تاماق يېمە. ئەتىگەنلىكى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يەنە ئىچ، ــ دېدىم.

ــ ئەگەر دەردىمگە داۋا بولسىلا، ــ دەپ چىقىپ كەتتى. مەن ز. نى شۇنىڭ بىلەنلا قارىسىنى يوقىتىدۇ، دەپ

خاتا ئويلاپتىمەن. ئۇ ئىككىنچى كۈنى مىيىقىدا كۈلۈپ كىرىپ كەلدى.

مەن بىردىن ز. نىڭ كۆزلىرىگە، چىرايىغا تىكىلدىم. سەۋەبى تۈنۈگۈن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، يۈزى ئىششىغاندەك كۆرۈنۈۋىدى. كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ تۇراتتى. بۈگۈن پەقەت ئۇلارنىڭ يېرىم - يارتىسىلا قاپتۇ.

—نېمە قىلدىڭ، ئېيتقىنا ئەمدى؟ - دەپ سورىدىم.

—قايىلمەن،—دېدى ئۇ ئادەتتىكىدەك چاقچاقلاپ سۆزلەپ ۋە قولۇمنى قاتتىق سىلكىدى،—سۈيدۈكنىڭ دورىلىقى توغرىسىدا ئىلگىرى مەنمۇ ئاڭلىغان. لېكىن ئۇنىڭ مۇنچىلىك كۈچلۈك دورىلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن. تۈنۈگۈن ئۆيگە يەتكىچە كۆزۈم تۆت بولدى. سەۋەبى ئاغزىمدىن قويۇق شۆلگەي ئېقىپ، ئاپتوبۇستا ناھايىتى خىجالەتچىلىكتە قالدىم. پولغا تۈكۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. سىز ئېيتقاندەك، ئۆيگە كىرىپلا بىر ئىستاكاننى يانچۇقۇمغا ئېلىپ باغقا چىقتىم. تەلىيىمگە ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئازلا يېرىم بىر ئىستاكان چىقتى. پاكىز پاختىنى چىلاپ قۇلىقىمغا تىقتىم - دە، قالغىنىنى كۆتۈرۈپ ئېچىۋەتتىم. چاي ئۆتمىگەن گېلىمدىن ئۇ سىلىق ئۆتۈپ كەتتى. ئۆيگە كىردىم - دە. بېشىمنى پۈركەپ يېتىۋالدىم. ئارىدىن 15 _ 20 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ ئۆزۈمنى تەڭشەپ كۆردۈم. ئۆزۈمدە خېلىلا يېنىكچىلىك سەزدىم. كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چاي ئېتىپ، بىر ئاپقۇرنى ئېچىۋېتىپ ياتتىم. سىز دېگەندەك ئاخشىمى يېتىش ئالدىدا يەنە تالاغا چىقىپ، يەنە بىر ئىستاكان ئىچىپ كىردىم. ئەتىگەنلىكى ئەتىگەن ئويغىنىپ كەتتىم - دە، يەنە بىر ئىستاكان ئىچىپ كىرىپ ياتتىم. سائەت سەككىزگىچىلا ئۇخلاپتىمەن. ئاندىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كوچىغا چىقىش ئالدىدا، يېرىم ئىستاكاندەك بولدىغۇ دەيمەن، كۆتۈرۈۋېتىپ كەينىدىن بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ ئىچتىم. ھاراقتىنمۇ ئاچچىقمۇ نېمە؟

—ئاچچىقىنى نېمە قىلىسەن، ئەھۋالىڭنى ئېيتساڭچۇ؟

— شۇنى ئېيتىۋاتىمەنغۇ، مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت، ئاكا. كېلىپ كۆك بازارنىڭ ئاشخانىسىغا كىردىم - دە، ئىككى تەخسە لەغمەننى يەپ، بۇ يەرگە كېلىشىم.

— بىراق، ئاچچىق - چۈچۈكتىن ئۆزۈڭنى تارت ماقۇلمۇ؟ يەنە بىر ئېيتىدىغان نەرسە، ئىشنى شۇنىڭ بىلەنلا پۈتتى قىلماي ئۆيۈڭگە بارغاندا يەنە داۋاملاشتۇر. ئېغىزىڭدىكى، قىزىل ئۆڭگەچتىكى سوغۇق تەگكەن يەرلەرنىڭ بارلىقى ئۆز ئەسلىگە كەلسۇن، ماقۇلمۇ؟

—ئىچىۋەرسەمچۇ؟

—مېنىڭچە بولغاندا، ئۇنىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك.

— ئاكا، بىر قىزىقى، قولدا بار نەرسىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەنمىز - دە، سىز ئېيتمىسىڭىز، يەنە نەچچە كۈن ئازابلىناتتىم؟ ئېيتقانلىرىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايمەن. گېمورويدىنمۇ سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بىلەن خوشلىشىۋېدىم. بۇنىڭ بىلەنمۇ خوشلىشىمەن. سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت، ئىجادىڭىزنىڭ تېخىمۇ كامال تېپىشىغا تىلەكداشمەن.

بۇ باپ پىلانىمدىن خېلىلا ئۆزىراپ كەتتى. بىراق، بىر پاكىتنى ئېيتسام ئىككىنچىسى تېخىمۇ مۇھىمدەك كۆرۈنەۋاتىدۇ. مەقسەت بىرىگە بولمىسىمۇ بىرىگە سەۋەب بولۇپ قالار دەپ ئويلىدىم. ئىنسان ھاياتىدا نېمىلەر ئۇچراشمايدۇ؟

قوشنام ت. قىرىقتىن ئاشقان ئادەم. قايسىدۇر بىر ئاۋتو بازىنىڭ تۆمۈرچىلىك سېخىدا ئىشلەيدۇ. ئىشتىمۇ، ئۆيدىمۇ تىنچىمايدۇ، مېھماندوست. ئائىلىسىگە ياخشى غەمخورچى. كۆڭلۈمگە بىر ياقمايدىغان يېرى، يۈرىكى چىلاشقىچە ئىچمىسە، كۆڭلى ئەمىن تاپمايدۇ. نەچچە قېتىم مەسلىھەت بېرىپ كۆردۈم. ۋەدىسى ناھايىتى ياخشى. ئەمما بىر كۈنى ئاخشىمى ئايالى تېلېفون بېرىپتۇ.

—كامالىدىن ئاكا، ئىنىڭىزنىڭ قولى ئاغرىۋاتاتتى. بۈگۈن ئاغرىق كۈچىيىپ كەتتى. سىزنى كىرىپ كۆرۈپ باقامدىكىن دەيدۇ.

بىر تەرەپتىن قوشنا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۆز ئىنىمدەك كۆرۈپ يۈرگەن ئادەم. كىرسەم بولاتتى. لېكىن، ئاغرىپ قالغان كۆڭلى يېقىن كىشىلەرنى كېچىسى تۇرماق، چۈشتىن كېيىن يوقلاش ئادىتىم يوق. ئۇنداق ئادەملەر ھالىدىن پەقەت چۈشكىچە خەۋەر ئالاتتىم. ئىككىنچىدىن، ت نى «ئاغرىقنى باھانە قىلىپ، ئالدىغا بىر بوتۇلكا تىكلەپ قويۇپ مېنى كۈتۈۋاتىدۇ تايىنلىق» دەپ گۇمانلاندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىغا:

—كەچۈرىسىز، يېرىم كېچىدە ئاغرىق ئادەمنىڭ ئالدىغا كىرىش ئادىتىم يوق ئىدى. ئەتىگە كىرەي—دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردىم. يېڭىلمەيدىغان ئادەم، پۈتلاشمايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تۇياق بولماس» راستتىنلا جېنى قاقشاپ چاقىرتقۇزغان ئىكەن؟ يېرىم كېچىدە «جىددىي قۇتقۇزۇش» ئېلىپ كېتىپتۇ. قوشنا ئالدىدا قۇلايسىز ئەھۋالدا قاپتىمەن. كەمچىلىكىمنى چۈشەندىم. ئەمما، ئىككى كۈن ئاغرىقخانىغا يېتەلمىدىم. پەقەت ئۈچىنچى كۈنى ئالمۇتىنىڭ شەھەرلىك 12 ــ ئاغرىقخانىسىنىڭ خىرۇرگىيا بۆلۈمىگە بېرىپ، قوشنام ھالىدىن خەۋەر ئالدىم. ھەقىقەتەنمۇ قوشنامنىڭ ھالى خاراب ئىكەن. ئۇنىڭ قولىنىڭ يۇزلۈكىدىن تارتىپ تا جەينىكىنىڭ ئۈستىگىچە يۇۋۇلۇپ قويغاندەك ئىششىپ كېتىپتۇ. خۇددى كۆيگەندەك قاپقارا. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىپىلداپ سۇ چىقىپ تۇراتتى. كونا بىنتنى تېخى يېڭىلا ئېلىۋېتىپ، يېڭىلاشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىكەن. بىرسى چاقىرىۋاتىدۇ دېگەندىن كېيىن ھەمشىرىدىن ئۆزرە سوراپ چىقىپتۇ.

ــ بۇ قولىڭىزغا نېمە بولغاندى؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ تۇرۇپ ــ تۇرۇپلا ئاغرىپ قالاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن، ــ دەپ تارىخنى سۆزلەشكە باشلىدى قوشنام، ــ كېيىنكى كۈنلىرى يەنە ئاغرىپ بولمىغاندىن كېيىن كارخانىنىڭ دوختۇرخانىسىغا مۇراجىئەت قىلىۋېدىم، ئۇلار ۋىشنېۋىسكىي دېگەن مايىنى ياغلاپ، ئۈستىگە ئۇندەك ئاق دورىنى سېپىپ، ئۆيگە قايتۇرۇۋېۋىدى، شۇ كۈنى كېچىسىلا قولۇم ھۆپپىدە ئىششىپ، ئىككى ــ ئۈچ يېرىدىن تېشىلدى ــ دە، سۇ ئېقىشقا باشلىدى. ئاغرىقنا چىدىماي يەنە دوختۇرغا يۈگۈردۈم. دوختۇر كۆرۈپ كۋارتىس قويۇشنى بۇيرۇدى. ئەتىسى ئەھۋالىم تېخىمۇ بەتتەر بولدى. قولۇمنىڭ ئاستىغا داس قويۇپ ئولتۇردۇم. سىزگە تېلېفون قىلغاندا جېنىمنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتاتتىم، «جىددىي قۇتقۇزۇش» مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ تاپشۇردى. ئوكۇل سېلىۋاتىدۇ. پىرىموچكا قىلىۋاتىدۇ. بىراق پايدىسى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ.

ــ دىئاگنوزىنى نېمە دېدى؟

ــ سوغۇق ئۆتكەن دەيدۇ. تونۇگۈن ۋراچ «سىزنى تېرە كېسەللىرى ئاغرىقخانىسىغا ئەۋەتىمىز مىكىن» دەيدۇ.

ــ بوپتۇ، سىز ھازىر مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قولىدىكى ئادەم، شۇلار ئاخىرىغا چىقارسۇن، ئۇلار ھېچ نەرسە قىلالمىسا مەن بار.

ئاغرىقخانىغا ئەتىسى يەنە كېلىپ قوشنامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم. بىچارە تاڭنى كىرپىك قاقماي ئاتقۇزغانلىقىنى ئېيتىپ زارلاندى. بىنت بىلەن تېڭىلغان قولىدىن خۇددى سۈزمە خالتىسىدەك سېرىق سۇ تېمىۋاتىدۇ. كۆزۈم يەتتى. كەسپىي دوختۇرلارنىڭ بۇ دورىسى بىلەن ت. نىڭ قولى ھەرگىز ياخشى بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، كۋارتىس بىلەن قول ئۇبدان كۆيگەن. ئىككىنچىدىن، ت. نىڭ بۇ قولىغا راست سوغۇق تەگكەن. ئۇنى ھەممە كۆرۈپ بىلەۋاتىدۇ. لېكىن ئۇزاق يىللار بولغا تۇتۇپ ئىشلەيدىغان، ئۆزىنىڭ كونا ماشىنىسىنى ئارا ــ چولىلا رېمونتلاپ زورۇققان قولنى ھېچكىم چۈشەنمەيۋاتاتتى.

ئاغرىق ئۈستىخاندىن باشلىنىدۇ. بىر نەچچە ئاغرىق بىرلەشمىسىنى پەقەت مۇرەككەپ يەرلىك دورا بىلەنلا داۋالىغلى بولىدۇ. دۆلەت ئاغرىقخانىسىدا ئىشلەۋاتقان كەسپىي دوختۇرلار ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى بىر تېۋىپنى «بارە، ئىشىڭنى قىل» دېيىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن قوشنامنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قايتىشقا توغرا كەلدى.

ئارىدىن ئىككى ــ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ شەنبە كەلدى. ئۆيدىكىلەر مېنىڭ ئاغرىقخانىغا ئاپىرىدىغان نەرسىلىرىمنى تەييارلاۋاتاتتى. تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى، تۇرۇپكىنى ئالسام، ت. نىڭ ئايالى:

ــ كامالىدىن ئاكا، سىزنى ئاۋارە بولۇپ يەنە ئاغرىقخانىغا بېرىپ يۈرمىسۇن، دەپ تېلېفون قىلىۋاتىمەن، ــ دېدى ئۇ، ــ ئىنىڭىز ئاخشام ئۆيگە يېنىپ كەلدى.

ــ چىقىرىۋېتىپتىمۇ، يە ئۆزى كەپتىمۇ؟

ــ چىقىرىۋېتىپتۇ.

ــ رەھمەت، قىرىندىشىم، مەن ھازىر كىرىمەن.

پەمىمچە بىرىنچى نۆۋەتتە ت. نىڭ قولىدىكى كۆيۈك ئەكسىنى پەسەيتىش، جاراھەتنى كۆرۈپ سۇ تېمىتىشىنى توختىتىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم يازدا قىرىقىز يىلتىزىدىن قايىنتىپ ياسىغان مايدىن (بۇ دورا كۆيۈكتە بىر نەچچە قېتىم سىنالغان) بىر قۇتا ئېلىپ كىردىم. ت. نىڭ قولىنى كۆرۈپ ئىككى ھەپتىدىن ئوشۇقراق دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاندى، دېگەنگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. چۈنكى قولىدىكى ئىششىق شۇ پېتى، سۇ خۇددى پىشۇاتقان كاۋاپتەك ئېقىپ تۇراتتى.

12 ــ ئاغرىقخانا خادىملىرى ئۇنى تېرە كېسەللىرى ئاغرىقخانىسىغا ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار دورا سۈركەپ، ئورۇنسىز باھانىسى بىلەن ئۆيگە قايتۇرۇپتۇ. ئېلىپ كىرگەن دورامنى ئېرىنمەي، يىرگەنمەي، ئۇنىڭ قولىنى يۇزلۈكىدىن تارتىپ تا قولتۇقىغىچە دېگۈدەك مايلىدىم، جاراھەت شەلۋەرەپ، چىپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. جاراھەتنىڭ چۆرىسى خۇددى مۇنچاق تىزىپ قويغاندەك بۆرۈتمىلەر بىلەن قورشالغان.

بۇنىڭدەك ئاغرىقنى ئىلگىرى كۆرمىگەنلىكتىن بىر تۇرۇپ ئۆز دورامغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئىششىقتا تەسىر قىلارمۇ، كۆيۈكنى ياندۇرالامدۇ، دەيمەن. ئوپېراتسىيە قىلماقچى بولغان جاراھەتنى مېنىڭدەك بىر ئاددىي تېۋىپنىڭ قايتۇرۇشى تەس ئىش.

ــ جاراھەت ئەمدى كەچ كىرگۈچە ئۇچۇق تۇرسۇن، تاڭمالڭ، ــ دېدىم مايلاپ ئولتۇرغاندا، ــ دورىنى ئاخشاملىققا يېتىش ئالدىدا يەنە مايلاپ، ماي سىڭدىغۇ، دېگەندە تېڭىپ يېتىڭ، ئورۇن ــ كۆرپىنى بۇلغىمىسۇن، ئەتىگەن كىرىپ كۆرىمەن.

ت. نىڭ قولىدىن تەپچىرەپ ئېقىۋاتقان سۇ خېلىلا ئازىيىپتۇ. جاراھەتنىڭ چەت ــ چۆرىسى قېتىشقاندەك كۆرۈندى. يەنە مايلىدىم. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن كىرسەم، قوشنام قولىنىڭ پەقەت ئىككى يېرىدىلا كۆز يېشىدەك مۆلدۈرلەپ سۇ چىقىپ تۇرۇپتۇ. قوشنامنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرگەن. كۆزۈمگە ت. نىڭ قولىدىكى ئىششىقنىڭ خېلىلا چېكىنگەنلىكى چېلىقتى.

ــ ئۇكا، كۆرۈۋاتىمەن ئاغرىق ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن خېلىلا بېسىلدى. كۆيۈكمۇ قايتتى. بىراق، مېنىڭچە بولغاندا قولىنىڭ زەخمىسى چوڭقۇرىدا، ئۇنى پەقەت مۇنۇ دورا بىلەن يېڭىش تەس. پەممىچە قولىڭىزدا ئۇزاق يىل تۇتقان بولقىنىڭ، سوغۇق تۆمۈرنىڭ زەخمىسى ئېغىرراق. مۇشۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلساق، ئاز كۈن ئۆتمەي قولىڭىزنىڭ يەنە ئاغرىشى تۇرغان گەپ.

ت. مېنى نېمە دەركىن دېگەندەك قاشلىرىنى سۈزۈشتۇرۇپ شۈك ئولتۇردۇ. ئايالىنىڭ قۇلىقىمۇ دىڭ.

ــ ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھەركىمنىڭ سالامەتلىكى پەقەت ئۆزى ئۈچۈن قىممەت، ــ دەپ ئاستا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم، ــ مېنىڭ تەكلىپىم، ئەمدى ئاۋۇ بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوغلۇڭلارنىڭ سۈيدۈكىنى بوتۇلكىدەك بىر قاچىغا يىغىپ، سەل ئىللىتىپ چىت قاتارلىق لاتىدا تېڭىڭ، ھازىرچە كۈنىگە ئىككى قېتىم يېتىدۇ. كۈنىگە ئىككى قېتىم، ئەتىگەنلىكى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ۋە چۈشتىن كېيىن بىر قېتىم ئىچىڭىزدىن چۈشكەن ئىلمان سۈنى تولۇق ئىچىسىز. پەقەت شۇنداق ئىككى تەرەپلىمە دورا قىلغاندىلا بۇ ئاغرىقنى يېڭىشىمىز مۇمكىن. مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ ت. نىڭ چىرايى بىر تۈرلۈك بولۇپ كەتتى.

ــ قانداق؟

ــ ئىچىش شەرتما ئاكا؟

ــ مەن پەقەت بولىدىغان ئىشنى ئېيتىۋاتىمەن. ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ساقىيىش نىيىتىڭىز بولسا، مېنىڭ تەلەپىمنى ئورۇندىشىڭىز شەرت.

ــ بولىدۇ! ــ دېدى سەل سۈكۈتتىن كېيىن، ــ كۈنىگە ئىككى قېتىمغۇ؟

ــ توپتوغرا!

ئەتىسى ئەتىگەن كىرسەم ئەر ــ ئايال ئىككىسىنىڭ چىرايى ئوچۇق، ئادەتتىكىدەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئىللىق قارشى ئېلىشتى. مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىكەن. ت. نىڭ قولىدىكى ئىششىق سېزىلەرلىك دەرىجىدە قايتىپتۇ. ياخشى ئۇخلىغان.

ھەر ھالدا ئىككى ھەپتىدىن ئوشۇقراق ئاغرىقخانىدا داۋالىنىپ ئىلگىرى باسمىغان ئىش، بىر كېچىدە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بېرىپتۇ. ھەر ھالدا بىر ھەپتىدىن كېيىن ت. نىڭ ئىشقا چىقىشىغا بولاتتى.

ــ ئاخىرقى تەلەپ، ــ دېدىم تىراپېۋتقا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان ت. غا. ئۇ يەنە نېمە، دېگەندەك لاپپىدە قىلىپ كۆزۈمگە قارىدى.

ــ بىر يىل ھاراق ــ شاراپتىن نېرى بولىسىز، بولمىسا ئاغرىق يەنە چوقۇم قوزغىلىدۇ. يەنە بىر گەپ، ئوبدانىراق بىلىدىغان بىر موللىغا بېرىپ ئوقۇتۇۋېتىڭ.

ــ ئاكا، ھەممىسى ئۆزۈم ئۈچۈنغۇ، دېگىنىڭىزنى قىلىمەن، ــ دېدى ت جىددىي ئاھاڭدا.

ئاخشىمى ت. بىزنىڭ ئۆيگە ئىككى پاچكا تاماكا كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ:

ــ ئاكا، تىراپېۋت داۋالىنىش ۋاقتىمنى يەنە بىر ھەپتە ئۇزارتىپ بەردى. سىز دېگەندەك موللىغا باردىم. كۆرسىتىۋېدىم. «بۇ يۇمۇر يارىسىغۇ. بىلىدىغان بىرى داۋالاپتۇ ــ دە، دېدى. سىزنى ئېيتتىم، راست بىلىدىغان ئادەم ئىكەن. مەن ئوقۇپ دەم سېلىپ قوياي، تېگىدىكى زەخمىلەر تېخىمۇ چاپسان ساقايسۇن» دەپ خۇددى سىز ئېيتقانلارنى تەكرارلىدى.

مەن يەنە بىر مۇسۇلمان بەندىسىگە ساۋابلىق ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن خۇشال بولۇپ ت. بەرگەن «قازاقىستان» سىگارتىنى ئاچتىم.

1993 ــ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ئۇيغۇر تىلىدىكى «رەڭ» سۆزىنىڭ سېھرىگەرلىك ئۇقۇمى بىلەن باغلىنىشچانلىقى

ئىمىنجان ئابدۇرېھىم

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتى»دە رەڭ سۆزىگە «بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىگە بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماددا؛ بوياق — نەرسىلەرنى بويايدىغان بوياق، سىر؛ تۈس — شەيئىلەرنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق، ئاق، قارا، ھەر خىل قىياپەتلىرى؛ رەڭ — چىراي، رەڭ — ھىيلە ـ مىكىر» دېگەندەك ئىزاھلار بېرىلگەن. مۇشۇنىڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى «رەڭ» سۆزىنىڭ سىر، رەڭ، ھىيلە ـ مىكىر، سىرلىق دېگەندەك مەنىلىرى بار.

دېمەك، رەڭ بىر سىرلىق نەرسە، سىرلىق نەرسە ئادەمگە سېھرىي پەيدا قىلىشنىڭ ئاساسى. تۆۋەندە بۇ ھەقتە تارىختىن ئاز ـ تولا گەپ ئېچىپ باقايلى:

1. رەڭ ۋە سېھرىگەرلىك

«شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالە سىرتتىن كەلگەن دىن تارقىلىشتىن ئىلگىرى يەرلىك دىن ۋە ئىپتىدائىي دىن ئاساسىدا پەيدا بولغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شىنجاڭدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىن ۋە شامان دىنىنىڭ قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى ھازىرغا قەدەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلاپ قېلىنىۋاتىدۇ» ① . ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش، چۈشىنىشى ناھايىتى چەكلىك بولغانلىقتىن، تەبىئەت دۇنياسىدا سادىر بولغان «تاساددىپىي توغرا كېلىپ قېلىش» «ئوخشىشىپ قېلىش»لارنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ھالقىغان ئىلاھىي كۈچكە باغلاپ چۈشەنەتتى. «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى» دېگەن كىتابتا «شامان دىنى رەڭلەرنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلانغان، ئۇنىڭدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر قىزىل، كۆك، ئاق، قارىدىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭدە بولۇپ، بۇ تۆت رەڭ شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالدىكى روھلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. پېرىخونلار ئۇزۇن چاچ قويۇپ، ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدىكى ئاق ياكى كۆل رەڭ تۇماق كىيەتتى. پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ئايالچە كۆڭلەك كىيەتتى» ② دېيىلگەن. ئۇيغۇرلار شامان دىنى ئېتىقادى شارائىتىدا تۈرلۈك سېھرىگەرلىك پائالىيەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئۆزىنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندى. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە قەدىمكى ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شامان دىنى تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش سېھرىگەرلىك سىستېمىسىغا ئىگە دىن بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىۋاتقان سېھرىگەرلىك پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ تارىخىغا ئائىت مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى پېرىخونلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەشتە رەڭنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مەسىلەن: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابنىڭ «باخشى، پېرىخونلارنىڭ بايانى»دا «رەممال كىتاب كۆرۈپ، كېسەلنىڭ ئاكىسىغا

‹سىلىنىڭ ئىنىلىرىغا سوغۇقتىن شامال دارىپتۇ، بىر قارا توخۇغا دۇئا ئوقۇتسىلا، چارشەنبە ئاخشىمى 14 ئويۇن پىرە ئويناتسىلا» دېيىلگەن. بۇ يەردە رەممال «قارا توخۇ» دېيىش ئارقىلىق پېرىخونلۇق مەزمۇنىنى تېخىمۇ سېھىرلەشتۈرگەن.

تۇخۇم ئۇيغۇر ئىشقىي سېھىرگەرلىكتە كۆپرەك ئىشلىتىلگەن دورىلارنىڭ بىرىدۇر، خەلق ئىشەنچلىرىگە ئاساسلانغاندا «قارا مېكىيان جۈمە كۈنىدە كاكىلىغان تۇخۇمنىڭ سېھرىي قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولۇپ...» خەلق ئارىسىدىكى «باخشى»، «پېرىخون»، «جىنكەش»، «ئىسسىقۇچى»، «خادا» دەپ ئاتىلىۋاتقان سېھىرگەرلەر «قارا مېكىيان» دەپ «قارا»لىق تۇسىنى كۈچەيتىپ كىشىلەردە سىرلىق تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ سېھىرگەرلىك قىلغان. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا «قارا رەڭ»نى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. رەڭگە باغلىنىشلىق سېھىرگەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىش تەس ئەمەس.

«شامانلار مەنىۋى ئىمتىيازلىرىنى ئۇسسۇل ـ مۇزىكا، شېئىر، قوشاقلارنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق كۆرسىتەتتى.» بۇ ھەقتە «ئوغۇزنامە»دە ... «ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا (ئوڭ تەرەپكە) قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى باغلىدى (ئاستى)، ئۇنىڭ تۇۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى، (سول تەرەپكە) قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر قارا باغلىدى» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «قارا قوي» «قارا» چۈشەنچىلىرى ئەلۋەتتە بەلگىلىك ئىچكى مەزمۇن بىلەن باغلانغان ۋە قۇرۇلتاينىڭ كەيپىياتىنى سىرلىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. مانا بۇنىڭ ئۆزى بىر رەڭ سېھىرگەرلىكىدىن ئىبارەت. «ئىپتىدائىي دەۋرلەردە گۈزەللىك ئېلېمېنتلىرى دىنىي سېھىرگەرلىك ئېلېمېنتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ مۇراسىملارنىڭ پىسخىكىلىق رولىنى كۈچەيتكەن»، خۇددى ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى چىن يۇفۇ ئېيتقاندەك «ئاق ۋە قارا رەڭلەر باقىي ئالەمنىڭ ۋە ئۆلۈمنىڭ سىمۋولى بولۇش بىلەن بىللە چەكسىز سېھىرگەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە» يۇقىرىقى مىساللاردىن ئىنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، رەڭ ــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدا بىر خىل سېھرىي كۈچتىن ئىبارەت.

### 2. رەڭ ۋە سىرچىلىق

سىرچىلىق كەسپى ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھۈنەر ـ كەسپلەرنىڭ بىرى. ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان سىر ئارقىلىق بېزەشكە تېگىشلىك بۇيۇملارنى سىرلاپ، كۆركەملەشتۈرۈپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى سىرچىلىق كەسپىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق دېيىشكە بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1 ـ تومىدا «سىر» «sir» چىنىلىقلار قاچىنى نەقىشلەپ سىرلايدىغان بىر خىل يېلىملىق بوياق، سىرلىق ئاياق (قاچا) دەپ تىلغا ئالغان.

«1980 ـ يىلى كىرورەندىكى قەدىمكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە قېزىۋېلىنغان سىرلانغان قاچا ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە قىزىل، قارا، پوررەڭ قاتارلىق سىرلار بىلەن گۈل ـ گىياھلارنىڭ شەكلى سىزىلغان. بۇ قاچا سىپسىلىق، پارقىراق بولۇپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق ماھارەت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.» بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىرچىلىق ھۈنىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. سىرچىلىق ھۈنىرى ھەر خىل رەڭلىك سىر ئارقىلىق «ھۈنەر» قىلىدىغان كەسپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللىرى سىر «رەڭ» بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ باشقا كەسپلەردىن ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ، كىشىلەرگە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك «سىر» دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرسى سىرچىلىقتا زىننەتلەشكە ئىشلىتىدىغان رەڭلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىرسى يوشۇرۇن، ئاجايىپ غەيرىي، ئۇقۇقلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق دېگەندەك مەنىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇرلار تىلىدىكى «سېھىرگەرلىك» دېگەن سۆز بىلەن «سىر» ۋە «سىرلىق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنە ـ مەزمۇنلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى سېھىرگەرلىكنىڭ قىلغان سېھىرگەرلىكى دائىم بىزگە بىر سىر بولۇپ تۇيۇ-

لىدۇ (ئەلۋەتتە، بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە).

ھازىرقى زامان رەڭ ئىلمىنىڭ قارىشى بويىچە، ئەگەر بىر تەخسىنىڭ يۈزىنى تەڭ نىسبەتتىكى يەتتە خىل رەڭ (قىزىل، كاۋا چېچەكى، سېرىق، يېشىل، چەچرەڭ، كۆك، سۆسۈن) بىلەن بوياپ، ئۇنى تېز سۈرئەتتە پىرقىراتساق بۇ تەخسە ئاق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. يەنە يۇقىرىقى يەتتە رەڭ نۇرنى ئۆزئارا قوشساق ئاق نۇر كېلىپ چىقىدۇ (ئەگەر يۇقىرىقى يەتتە خىل بوياقنى قوشساق قارا رەڭ كېلىپ چىقىدۇ). مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر «سېھىرگەرلىك»تىن ئىبارەت. يۇقىرىقى مىساللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سىرچىلىق ھۈنىرىنىڭ (كەسپىنىڭ) ئەسلى بىر «رەڭ سېھىرگەرلىك» ھۈنىرى ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلالايمىز. دېمەك، رەڭ — سېھىرگەرلىك بىلەن زىچ باغلىنىشلىق سىرلىق دۇنيا.

يۇقىرىدىن باشقا ھازىرقى زامان روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا «ھازىرقى ئىنسانلار مېڭىسى پەقەت يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ياكى ھېچنەرسە يېزىلمىغان ئاق قەغەز ئەمەس، بەلكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھۈجەيرە ئىرسىيەتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. چوڭ مېڭىمىزنىڭ مەركىزىي قىسمىدا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ خاتىرە ئىزى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ھەر خىل قىلمىشلىرىمىزدا، پسىخىكىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشىمىزدە، تەپەككۇر قۇرۇلمىمىزدا سۈرەت ۋە خىيالىمىزدا دائىم ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي تەسىراتلار رەڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتقا، تەبىئەتكە، مەدەنىيەتكە بولغان ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن دەۋرگە ئەگىشىپ، رەڭ بىلەن چىڭ باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ». بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بەزى رەڭلەرنى ياخشى كۆرىمىز، بەزى رەڭلەرنى ياخشى كۆرمەيمىز. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى ئاسانلىقچە بىلەلمەيمىز، بۇمۇ بىزگە نىسبەتەن بىر سىردىن ئىبارەت.

تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شۇنى بىلىش كېرەككى، «رەڭ — بىزنىڭ تېنىمىزدىكى فىزىئولوگىيىلىك، فىزىكىلىق جەريانلارغا ئاساسەن بىزنىڭ پسىخىكىمىز بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.» رەڭ ئەنە شۇنداق بىر سىرلىق نەرسىدۇر. دېمەك، يۇقىرىقىلارنى خۇلاسە قىلىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىدىكى رەڭ، سىر، سىرلىق، سېھىرگەرلىك دېگەن سۆزنىڭ مۇئەييەن ئىچكى باغلىنىشلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىزاھات:


①گوۋۋېيۋەن ئاخبارات ئىشخانىسى: «شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، 2003-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى سانى، 2-بەت.

②لى جىنشىن: «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل خەنزۇچە نەشرى، 45-، 46-بەتلەر.

③گونناريارىڭ (شۋېتسىيە): «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 300-بەت.

④ئەنۋەر سەمەت غەربىي: «ئۇيغۇرلاردا ئىشقىي سېھىرگەرلىك» شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 2003-يىل 1-ئايلىق سان، 61-بەت.

⑤ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى، 91-بەت.

⑥M. D ئوگرتوۋىچ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «دىن پسىخولوگىيىسى» ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرى نەشرىياتى، 1989-يىل خەنزۇچە نەشرى، 158-بەت.

⑦جوزكازوئو (ياپونىيە): «رەڭ تارىخى بايانلىرى» جېجياڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1991-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1-بەت.

⑧ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭ تارىخى مەدەنىيەت مىراسلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1999-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 70-بەت.

⑨خارالد برئام (گېرمانىيە): «رەڭنىڭ سېھىرىي كۈچى» ئەنخۇي خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل خەنزۇچە نەشرى، 214-بەت.


(ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن


**بىلدۈرگۈ**

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىللىق سانلىرىغا ۋاقتىدا مۇشتەرى بولالمىغانلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

تېلېفون نومۇرىمىز: 4554017 — 0991

# ئەكرەم سىتىۋالدى لەتىپىلىرى





### تېلېۋىزور

مومامنىڭ ئۆيىدە كىچىك رەڭسىز تېلېۋىزور بار ئە-
دى. بىز ئۇنى رەڭلىككە ئالماشتۇرماقچى بولدۇق.

—نېمە قىلىسلەرۋي سېتىپ؟ بىر ئۆبدان كۆرۈۋاتە-
مەنغۇ؟—دېدى موماي. بىز چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلدۇق.
چوڭ تېلېۋىزورنى ئېلىپ كەلگىنىدە، كەڭ ئېكرانلىق كىنو
بېرىلىۋاتقانىكەن، موماي يەنە كايىپ كەتتى:

—بىر ئۆبدان تېلېۋىزورنى سېتىپ چوڭىنى ئالىمىز
دەپ، چوڭ بولغان بىلەن تېگى بىلەن تۆپى بىكار تۇرد-
ىكەنغۇ ئەنە!

### نورتاي هاجىم بولمىسا

تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق. ئېكراندا بىر نېگىر
ئۈچ بالىسىنى هارۋىدا سۆرەپ كېتىپ باراتتى. قارشى
ياقتىن بىر ئاق تەنلىك تاپانچا بىلەن نېگىرنىڭ پېشانى-
سىگە بىر پاي ئوق ئاتتى، نېگىر گۆپلا چۈشتى. شۇئان
موماي كايىپ كەتتى:

—هوي نېمىدەپ ئېتىۋېتىدۇ بىچارىنى، باللىرى يې-
تىم بولۇپ قالسا كىم باقار دېمەي، يا ئۇ يەردە نۇرتاي
هاجىم بولمىسا!

### هۈنەر

موماي قورۇسىدا كېسەك قۇيدۇرۇپتۇ. چۈشتە بىر كورا
ئەتكەن چاي بىلەن ئۈچ چوڭ نان قويسا، كېسەكچى
هەممىنى يەۋېتىپتۇ. موماي كېسەكچىدىن سوراپتۇ:

—بۇرۇن باشقا هۈنەرمۇ قىلغانمۇ بالام؟

—هەئە، ناۋايلىق قىلغان.

—ساتقىدەك نان ئاشارمىدى؟

### قىسقىرارمۇ

سىڭلىم:

—موما مۇنۇ يوپكىنى يېڭى ئالغانىدىم، يۇيسام
قىسقىراپ كېتەرمۇ؟

مۇمام:

—نېمە دېگىنىڭ هوي بۇ؟ قىسقارغۇدەك يېرى بولسا
قىسقىرا.

### مودا

مال ساتقۇچى:

—بۇ كىيىم هازىر مودا بولۇۋاتىدۇ، نەۋرىلىرىگە ئې-
لىۋالسىلا

موماي:

ــبالام مېنىڭ ئۆيۈم بەك يىراق، بارغۇچە موددىدىن قالارمۇ؟

### ئېلان

مومىسى بىلەن نەۋرىسى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن.

نەۋرىسى:

ــمەن ئاشۇ ئايالىلار قۇۋۋەت تالقىنى ئېلانىدىكى قىزنى كۆرسەم، يەنە كۆرسەم دەيمەن جۇمۇ.

مومىسى:

ــۋاي جېنىم بالام، مەنمۇ زەرەپشان چاي ئېلانىدىكى بوۋاينى بىر كۈن كۆرمىسەم ئۆلۈپلا كېتىمەن!

### ئاشخانىدىكى جېدەل

لەمبەن بىلەن چۆچۈرە گەپ تەگىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ.

لەمبەن چۆچۈرىنى تاراسلىتىپ ئۇرۇپ ھېچ ھالىنى قويماپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان چۆچۈرە دۆڭكوۋرۈكتىن يىغلىغان پېتى كونسۇل كوچىسىدىكى سامسىخانىغا بېرىپ ھالىنى ئېيتىپتۇ. سامسا غەزەپكە كېلىپ، چۆچۈرىنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇلارغا تەييار چۆپ ئۇچراپ قالغانىكەن، سامسا ئۇنى ئۇرۇپ كېتىپتۇ.

ــئۇكاڭنى ئۇرغان مەن ئەمەس ــ دەپتۇ تەييار چۆپ ــ خاتا تونۇپ قاپسەن!

سامسا تېخىمۇ غەزەپلىنىپ:

ــمەن سەنلەرنى بىلمەمدىم، چېچىڭنى بۇدرە قىلدۋالساڭمۇ تونۇيمەن.

### ۋەسىيەت

ھېسامكام ماڭا مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

ــئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم مېنى تەكلىماكانغا كۆمۈڭلار.

ــنېمىشقا شۇنچە يىراققا كۆممىز؟

ــئەگەر تەكلىماكانغا كۆمسەڭلار 200 يىلدىن كېيىن كولاپ ئېچىپ، جىرايىمغا قاراپ كىروورەننىڭ ئېرى چىقتى، دېمەمدۇ!

### يادىكار

ھېسامكامدىن سورىدىم:

ــھېسامكا، ئوغلىڭىز ماخمۇتقا پۇل ۋە ئۆي ـ مۈلۈكنى قالدۇرماقچى بولۇپسىز. ئەلۋەتتە، مەنمۇ سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى دوراپ چىقتىم، ماڭا نېمە قالدۇراي دەيسىز؟

ھېسامكام:

ــئاۋازىمنىمۇ كەلتۈرۈپسەن، ئەمدى مېڭىشىمنى كەلتۈرۈۋالساڭ، ساڭا يالاڭ پەلتويۇم بىلەن قارا سومكامنى بېرىۋېتىمەن.

### يول سوراش

بىر يېزىدا ياشانغان مومايدىن سوراپ قالدىم:

ــچوڭ ئانا مۇشۇ ئەتراپتا خالىي جاي بارمۇ؟

ــنېمىدېدىڭىز بالام؟ مەن بۇ يېزىدا تۇرغىلى 50 يىل بولدى، بۇ يەردە خالتىجان دەپ ئادەم يوق.

### تەۋەررۈك ھېجىر

ھېسامكام بىر ئىشلەمچى كىگىزچىگە كىگىز ئەتتۈرۈپتۇ. چۈشتە بوۋىسىدىن تەۋەررۈك قالغان ھېجىرىغا ئەۋەتكەن چاي قۇيۇپ بېرىپتۇ. كىگىزچى چىنىگە ناننى ئۇستى ـ ئۇستىلەپ سېلىپ، يەنە چۆرىسىگە نان تىزغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېسامكام:

ــھەي ئۇكام، نان دېسەڭ، بىر تونۇر نان بار. چاي دېسەڭ، بىر كورا چاي بار. مۇنۇ بوۋامدىن قالغان ھېجىر ئىدى، ۋاككىدە يېرىۋەتمە!

### خۇدايىم بۇيرۇسا

ھېسامكام مال بازىرىغا ماڭغانىكەن. يولدا ئىمام ئاخۇنۇم ئۇچراپ قاپتۇ:

ــھېسام نەگە؟

ــبازارغا قۇربانلىق قوي ئالغىلى.

ــخۇدايىم بۇيرۇسا، دەڭ.

ــنېمىشقا؟ پۇل يانچۇقتا، قوي بازاردا تۇرسا! ــ دەپلا كېتىپ قاپتۇ. بىراق بازاردا پۇلنى ئوغرى ئېلىۋاپتۇ. ھېسامكام سالپىيىپ قايتىپ كېلىۋاتسا، ئىمام ئاخۇنۇم سوراپتۇ.

ــھېسام قۇربانلىق قوي قېنى؟

ھېسامكام:

ــخۇدايىم بۇيرۇسا، پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى.

### ناخشىغا تەبىر

ئۇرۇمچىدە بىر رېستوراندا ئولتۇراتتۇق. سەھنىدە بىر ياش بالا ناخشا ئېيتتى:

بىتاپ ئەمەسمەن ۋە ياكى مەجنۇن
بىدارىمەن ئۆيقىدىن كېچە بۇ تۈن.

ھېسامكام:

—ئۇ بالا نېمىدەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ.

—بىر يېرىم ئاغرىمايدۇ ياكى ئاياللارنى ئويلىمايمەن. بىراق، كېچىلەردە ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، دەيدۇ.

ھېسامكام:

—ئۇنداق بولسا، ئۇ ئوغرىلىق قىپتۇ.

**ئاڭلىماسلىق**

ھېسامكام ئايالى بىلەن بازار ئايلىنىپ، بىر دۇكانغا كىرىپتۇ.

ئايالى:

—ئاۋۇ ياغلىقنى ئالايمىكىن؟

ھېسامكام:

—قانچە سوم ئىكەن؟

ئايالى:

—50 سوم دەيدۇ.

ھېسامكام:

—سول قۇلقىم سەل ئېغىر، ئاڭلىيالمىدىم.

بىر ئازدىن كېيىن ئايالى ئوڭ تەرەپكە كەپتۇ.

—ئاۋۇ ياغلىقنى ئالايمىكىن.

ھېسامكام:

—قانچىكەن؟

ئايالى:

—200 سوم دەيدىغۇ.

ھېسامكام:

—بولدى، سول تەرىپىمدە تۇرە.

**سورۇن گۈلى**

ئۈرۈمچىدىكى ئولتۇرۇشتا روزىكاممۇ (روزى توخۇ) بار ئىدى.

روزىكام:

—ھېسامكا بۈگۈنكى سورۇندا ئىچىلارسىز، ھە؟

ھېسامكام:

—خاتىرجەم بول روزى! مۇساجان ئىككىمىز تەشتەككە كۆچۈرۈۋالغىدەك ئىچىلىمىز.

روزىكام:

—تەشتەكتە ئىچىلىپ كېتىسىزكەندە سېغايان بولۇپ!

ھېسامكام:

—ھوي! سەل سېغايان بولۇپ كاتىكىڭگە قاراپ تۇرمىسام سېنى مۇشۇك يەپ كەتمەمدۇ!

**ئېلان**

قوشنىمىز مەزىن ئىدى. بىر كۈنى يوزۇر بىر ياش بىلەن بىر ئىشتا پەقەت كېلىشەلمىدى.

—5 ملىڭ سومما بولمامدا؟

—ياق! 100 مىڭمۇ بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە:

—نېمە ئىش ئىدى؟—دەپ سورىدىم.

—بۇ شور بۇلاق ھاراق شىركىتىنىڭ ئادىمى ئىكەن ھەر قېتىملىق ئەزاندا «شور بۇلاق» دەپ ۋارقىرا دەيد

**بىر چىنە ئاز**

ھېسامكام سەھەردە مېھمانخانىدىن ئاشخانىغا قاراپ ۋارقىراپتۇ:

—خوتۇن! بىر چىنە چاينى ئاز ئەت!

ئايالى:

—نېمىشقا؟ ئاپام بار تۇرسا!

ھېسامكام:

—ئاپاڭ نەپەستىن قاپتۇ!

**ئۆرۈنۈپ بېقىش**

ساق چېغىدا ھېچكىمگە پايدىسى تەگمىگەن بىر باي تۇيۇقسىز سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. ئىمام يوقلاپ كىرىپتىكەن، باي:

—ئىمام ئاخۇنۇم 100 ملىڭ سوم پۇلۇمنى مەسچىتكە بېرىۋەتسەم جەننەتكە كىرەرمەنمۇ؟—دەپتۇ.

ئىمام:

—ئەمدى ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بىر ئۆرۈنۈپ باقماملا؟

**تاۋۇز پىچىش**

ھېسامكام ئۈچ دانە تاۋۇز ئەكەپتۇ. بىرنى پىچقانىكەن، ئاپئاق چىقىپتۇ. يەنە بىرنى پىچقانىكەن، ئۇمۇ ئاق چىقىپتۇ.

ھېسامكام ئاچچىقىدا ئايالىغا ۋارقىراپتۇ:

—خوتۇن! توكنى ئۈچۈر، ئەڭ ئاخىرقىنى پىچىمەن!

مۇھەررىرى: خۇرشەنئاي مەمتىمىن

# ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت*



نوشىرۋان ياۋشېف (روسىيە)



## ئالتەشەھەر تارىخى

مېنىڭ ئالتەشەھەرگە قىلغان ساياھىتىمنىڭ مەقسىتى ئالتەشەھەر ۋە مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر كونا ئەسەر ۋە يازمىلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. بىراق، بۇ توغرىدا بىر نەرسە تاپقىلى بولىدىغاندەك ئەمەس. بەك كۆپ ۋە بەك قىممەتلىك ئەسەرلەر يوقىلىپ كەتكەن. نۇرغۇن تارىخىي كىتابلار ياۋروپا سەيياھلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ھازىر ئالتەشەھەردە پايدىلىق تارىخىي كىتابلار قالمىغان، قالغانلىرىمۇ يالغانلار، خۇراپاتلار بىلەن چىرمالغان، بۇلاردىن بىر ھەقىقەت تېپىپ مەيدانغا چىقىرىش، توغرا تارىخ يېزىشقا بولىدىغاندەك ئەمەس.

ھازىرمۇ ئالتەشەھەر تارىخىغا دائىر «تارىخىي رەشىدى» دېگەن كىتاب بار دەيدۇ. لېكىن ئۇ كىتابنىڭمۇ قەيەردە ۋە كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلگۈچى يوق. بارغانلا يېرىمدە شۇ كىتابنى كۆپ ئىزدىدىم، تېپىلسا قەشقەردىن تېپىلىپ قالۇر، دەپ كەلگەنىدىم. يولدا كەلگەچ كۆپ كىشىلەردىن سورىدىم. «بار، تېپىلىپ قالۇر» دەيدۇ. لېكىن ھېلىغىچە تېپىلمايۋاتىدۇ. «تېپىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان كىشىلەرمۇ، ئىشقىلىپ كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىمەيدۇ.

بۈگۈن مېنىڭ يېنىمغا داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندى كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىنمۇ شۇ توغرىسىدا نۇرغۇن سورىدىم. ئۇ: «ئۇنداق تارىخىي كىتابلار سەل ئىلگىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ياۋروپا سەيياھلىرى كېلىپ نۇرغۇن كىتابنى ئېلىپ كەتتى. پەقەتلا بىر نۇسخا ساقلانغان كىتابلىرىنىمۇ بىرەر يۈز سوم بېرىپلا ئېلىۋالدى. ‹قۇتادغۇبىلىك› ناملىق بەك قىممەتلىك بىر ئەسەر بار ئىدى، ئۇنىمۇ ئىنگلىز سەيياھلىرى ئېلىپ كەتتى. بۇ كىتاب ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. ئەرەبچە، پارسچە بىرمۇ يات سۆز كىرمىگەن» دېدى.

مۇنداق قىممەتلىك ئەسەرنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە بەك ئېچىندىم. ئۇنى ساتقۇچىغا ئىچ ـ ئىچىمدىن نەپرەتلەندىم.

بۇ ئەسەر بەلكىم ئىنگلىزچە كىتاب بولۇپمۇ چىققاندۇر،



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

ئەسلي نۇسخىسمۇ بىرەر كىتابخانىدا ساقلىنىۋاتقاندۇر، لېكىن ئۇنى قانداق تاپسەن ئەمدى؟

ئەگەر ئالتەشەھەردە شۇنداق قىممەتلىك ئەسەرلەر بىر يەرگە توپلىنىپ، مەخسۇس كىتابخانىلاردا ساقلانغان بولسا قانچىلىك گۈزەل بىر ئىش بولغان بولاتتى. لېكىن، نە چارە، ئۇنداق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ساقلاشنى بىلىدىغان كىشىلەر قالمىغان، سېتىۋەتكەن، يوقىتىۋەتكەن.

ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك چېچىلىپ كەتكەن، تىلىنى يوقاتقان ئالتەشەھەر باللىرى ئۈچۈن ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيتى يوق. بۇنى بۇرۇنغا ئەمدىگىنە ئۆزلۈك ئېڭى پۈرىقى كىرىشكە باشلىغان ياش مەكتەپ باللىرىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۆز تارىخىنى سۆيمىگەن، ئۇنى جىنىدەك ئۇلۇغ كۆرمىگەن خەلق دۇنيادا قانداقىسىگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن، ئۆزىنى قانداقمۇ ساقلاپ قالالىسۇن!؟

بۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەرەب نەسلىلىك، ئەلى ئەۋلادى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭغا ئائىت نەسەبنامە، شەجەرىلەرنى ئويدۇرۇپ ئۆز نەسلىنى چىگىشلەشتۈرىدۇ. «سەيد»، «خوجا» ئىسىملىرىنى قويۇۋېلىپ شۇنىڭدىن ماختىنىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. «خوجىلىق» دەرىجىسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ دەرىجىسىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. خوجىلار ئالتەشەھەرلىكلەرگە قىز بەرمەيدۇ، ئۇلارغا ئارىلاشمايدۇ.

ئالتەشەھەرلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇغىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىكى ئۆزلۈك ئېڭى پەيدىنپەي ئۆچۈشكە باشلىدى. سەيد ۋە خوجىلارغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمەت ئېشىشقا باشلىدى. ئاقىۋەتتە، ئالتەشەھەردە خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. مانا سىزگە بىر مىسال:

ھىجرىيە 710 ـ يىلى ئەتراپىدا سەيد ئەلى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە سەمەرقەنت تەرەپتىن مەخدۇم ئەزەم ئىسىملىك بىر كىشى قەشقەرگە ساياھەت قىلىپ كېلىدۇ. بۇ كىشى سەيدلەردىن، خوجىلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن سەيد ئەلى خان ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. بۇ سەيياھمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرگەچ قەشقەردىن كېتەلمەي قالىدۇ. ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇپچى بولغاچقا، ئەل ئارىسىدا ئىناۋىتى ئېشىپ شۇ يەردە ئۆيلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەسەن خوجا ۋە كالان خوجا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. بۇلارمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش كارامەتچى، پەلسەپە ساھىبى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتىدۇ. ئۇلار تەبىئىكى، مىللىي ئۆزلۈكىنىڭ ھۆسنىنى يوقىتىپ ئەجەم ئۇرۇقىنى چاچىدۇ...

بۇ ئىككى مەخدۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، نىيمە سەۋەبتىندۇر، شاگىرت ۋە ۋارىسلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ چىقىپ، قانلىق ئۇرۇشلار بولىدۇ. ئاقىۋەتتە «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنىدۇ. مۇرىتلىرى ۋە قەشقەر ئەھلىمۇ بىرلىرىگە ئەگىشىپ ئىككى تەرەپ بولىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھ بىر ـ بىرىگە قوشۇلماي سۇ بىلەن ئوتتەك دۈشمەنلىشىدۇ. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات ئۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ. 1070 ـ يىلى ئىسمائىل خان زامانىدا مەخدۇم ئەزەم نەسلىدىن ئاپپاق خوجا دېگەن بىرى پەيدا بولۇپ ئىشانلىق قىلىشقا باش-



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

لايدۇ. بۇنىڭ ئورنى ۋە ئابرۇيى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولىدۇ. خەلق بۇ كىشىنى پەيغەمبەر دەرىجىسىدە ئۇلۇغ كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىچە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىققاندا يۇزىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر كىشىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالىدۇ ۋە جەبرائىلدىن «بۇ قايسى پەيغەمبەر» دەپ سورايدۇ. جەبرائىل «ئەي مۇھەممەد بۇ پەيغەمبەر ئەمەس، سىنىڭ ئۇممەتلىرىڭدىندۇر. لېكىن بۇنىڭ دەرىجىسى پەيغەمبەرلەر دەرىجىسىدىن ئۇلۇغ. چۈنكى بۇ كىشى سىنىڭ ۋاپاتىڭدىن كېيىن ئالتەشەھەر ۋە چىنغا بېرىپ نەچچە مىليون خەلقنى دىنغا دەۋەت قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن بارلىق ساھابىلىرى بىلەن شەرققە قاراپ ئاپپاق خوجىغا قاراپ دۇئا قىلىپ تۇرغان ئىمىش!

شۇنداق قىلىپ ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى كۆپىيىشكە باشلاپ، ئاق تاغلىقلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. تەرەپدارلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن ئىسمائىل خاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى تەختكە ئولتۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئىسمائىل خان ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ ئىشىنى سېزىپ ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ (1097).

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئاپپاق خوجا ئىلى ۋىلايىتىگە بېرىپ غالدان قونتاجى بىلەن كۆرۈشىدۇ. غالدانغا قەشقەرنى ئېلىشقا قوشۇش توغرىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ قەشقەردە مۇرىتلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرۈپ ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ مەسلىھەت غالدانغا ناھايىتى ياقىدۇ ھەمدە تېزلىكتە ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئاپپاق خوجا بىلەن قەشقەرنى ئىشغال قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

غالداننىڭ ئەسكەرلىرى ئىسمائىلخاننىڭ ئەسكىرىدىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىسمائىلخان يېڭىلىدۇ. ئىسمائىلخان ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ ئامال قىلالمايدۇ، قەشقەرنى غالدان ئالىدۇ (1099).

غالدان ئاپپاق خوجىنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ، ئىسمائىلخاننى ئەسىر ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك كۈندىن كۈنگە كۈچەيگەنلىكتىن، توختاۋسىز ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا ئاچلىق، قەھەتچىلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەخلاق بۇزۇقچىلىقلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

بۇ كېلىشمەسلىكلەر 1125 ـ يىلدىن 1281 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئارىسىدا مۇشۇ كۈندىمۇ دۈشمەنلىك بار. لېكىن ھازىر ئوچۇق ـ ئاشكارا سوقۇشالمايدۇ.

كاشغەر

### ئالتە شەھەر خەلقى نېمىدىن لەززەتلىنىدۇ؟

دۇنيادا تۈرلۈك ـ تۈمەن خەلق بار. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ھەر تۈرلۈك نەرسىلەردىن لەززەتلىنىدۇ. بۇنى «ئىشقى ـ مۇھەببەت، ئارزۇ ـ ھەۋەس، سۆيۈش ـ ئامراقلىق» دەپ ئېيتىشلا مۇمكىن. بۇ ھەقتە پەيلاسوپلارمۇ ئويلاپ ـ ئويلاپ باشلىرى قاتقاندۇر. بۇ توغرىدا نى ـ نى قەلەم ئىگىلىرى يازدى، نەچچە ـ نەچچە كىتابلار يېزىلدى. بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن جىق نەرسە ئۆگىنىپ كېتەلمىدىم. ئەمدى بۇ ھەقتە يازغۇچىلار «سۆيۈش ۋە ئامراقلىق»نى تۇغما ۋە تەبىئي ياكى سۈنئىي دەپ ئايرىمىدۇ؟ بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، ئەمما ئۆزۈم مۇنداق ئىشلارنى كەسپىي ۋە يۇقۇملۇق نەرسە بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

مېنىڭچە، سۆيۈش ۋە ئامراقلىق تۈرلۈك كىشىلەردە تۈرلۈك بولىدۇ ۋە ئۇلار تۈرلۈك نەرسىلەردىن لەززەت ئالىدۇ. بەزىلىرىدە بۇنداق ئىستېتىك زوق بەك تۆۋەن بولىدۇ. ئەمدى بىز بۇ ئورۇندا مۇنداق ئىستېتىك زوقنىڭ



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان



مەزكۇر سۈرەت بۈنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى ھەققىدە توختىلىمىز. بولمىسا، بىر ئادەمنىڭ ئۆزى نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆيىدۇ، دېگەن قارشى پىكىر پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىلىم ۋە ھۈنەرگە ئاشىق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېسى ـ يادى شۇنىڭدا بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر پەقەت شۇنى ئويلاش بىلەنلا ئاللىقانداق لەززەت ۋە راھەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جېنى ۋە مېلىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. يەنى ئىلىم ۋە مائارىپقا بولغان ئىنتىلىشى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

قايسىبىرلىرى مال ـ دۇنياغا ئاشىق بولىدۇ. بايلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، سودا قىلىدۇ، تاپقان دۇنياسىنى ئىسراپ قىلمايدۇ. ياخشى ئۆيلەردە تۇرۇشتىن، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشتىن، ياخشى ئاتلارنى مىنىشتىن لەززەتلىنىدۇ.

يەنە بەزىلىرى يېمەك ـ ئىچمەكنى، پۇل ـ پۇچەكنى، كىتاب، گېزىت ئوقۇشنى، ئىبادەت قىلىشنى، جەننەتكە كىرىپ ھۆر قىزلارنى قۇچۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە شۇنداق ئىشلاردىن، شۇنداق ئويلاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ. يەنە بەزىلەر پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە ئويۇن ـ تاماشىنى، ئىسراپچىلىقنى، كەيپ قىلىشنى، خوراپاتلىقنى، بۇ دۇنيا قىزلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. قايسىبىرلىرى قىمار ئويناشتىن كەيپ سۈرىدۇ. قايسىبىرلىرى چىرايلىق مەنزىرىلەر، تۈرلۈك گۈل ـ چېچەكلەر، شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان سۇلار، سايراپ تۇرغان بۇلبۇللارغا مەپتۇن بولىدۇ.

دۇنيادا بەس ـ مۇنازىرىدىن ۋە بەچچىۋازلىقتىن لەززەت ئالغۇچىلارمۇ بار.

سۆيۈش ۋە ئامراقلىقنى تۇغما نەرسە ئەمەس، بەلكى كەسپىي نەرسە دېگەنىدىم. شۇنداق، ئادەمگە مۇھىتنىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولىدۇ. ئۇ قانداقتۇر بىر سېھىر بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ، كۆزلىرىنى باغلايدۇ، ئۆزىگە باش ئەگدۈرىدۇ، سەجدە قىلدۇرىدۇ.

مەسىلەن: سىناش ئۈچۈن ناھايىتى ھۆررۇن ۋە ئېرىنچەك ئادەمدىن بىرنى تېپىپ ياۋروپاغا ياكى ئامېرىكىغا ئاپىرىپ كۆرەيلى. شۇ ھۆررۇن شۇ يېرىش بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئوقۇش ۋە ئىشلەشكە مەجبۇر بولامدۇ، يوق؟ خاتالاشتىم، مەجبۇر بولمايدۇ، بەلكى ئاشىق بولىدۇ. بۇخارا تەرەپكە بارغۇچىلار خۇراپاتتىن، بەس ـ مۇنازىرىدىن ھەم بەچچىۋازلىقتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئىچەرمەنلەر ئارىسىغا كىرگەن ئادەم ئىچىملىككە ئۆگىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىشنى دەسلەپىدە زورلىنىپراق باشلىسىمۇ، كېيىنچە بېرىپ ئۆزى كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ كەيپىنى سۈرىدۇ. ئاقىۋەتتە تاشلىيالمايدىغان دەرىجىگە بارىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئىشلار 10 ـ 15 كۈندە كىشىگە ئادەت بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ.

تەبىئىيكى، ئەمدى مۇنداق ئىشلاردىن ھۇزۇرلانغۇچىلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ مۇھىت ئىچىگە چەتتىن كېلىپ كىرگۈچىلەرمۇ ئېزىلىپ ئۇن بولۇپ، شۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا قوشۇلۇپ، كۆزگە كۆرۈنمەس دەرىجىدە بىرلىشىپ كېتىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، مۇھىت ئاكا ئۆزى ئەيىبلەپ تۇرۇپ يەنە ئۆز ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇۋالىدۇ. «كىمنىڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرساڭ شۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيت» دەپتىكەن. بۇ ناخشىنى ئېيتمايتتىڭ، لېكىن يەنە ئۆز شارابىنى ئىچكۈزۈپ كىشىلەرنى مەست قىلىدۇ، مەست ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلغىنىنى بىلمەيدۇ ـ دە.

دېمەك، ئىنسانىنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، مۇھىتقا بېقىپ ئۆزگىرىدۇ.

بۇ يەردە يازدىن باشلاپ، كۈزگە قەدەر ھەزرىتى ئاپپاق خوجا مازىرىدا ئويۇن ـ تاماشا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ قىزىق ۋاقىتلىرى ئۆرۈك پىشقان مەزگىل بولۇپ، 15 ـ 20

كۇنلۇك يەردىن ھېسابسىز كۆپ ئادەم كېلىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ سابان تويىغا ئوخشاش قىزىقارلىق ئويۇنلارمۇ يوق. ئويۇن پەقەت قىمارۋازلىق ۋە ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ يەردە ئويۇن تازا قىزىغاندا يۈزمىڭغا يېقىن ئادەم توپلىشىدۇ. بۇنىڭ يۈزدە قىرىق پىرسەنتى خوتۇن - قىزلاردۇر. بۇ يەرگە كەلگەن خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئۈمىد بىلەن - تىلەك تىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ، تىلەكلىرى ئۆزلىرىگە ئەر تىلەش، ئەر تېپىۋېلىشتىن ئىبارەت خالاس. مەلۇمكى، بىرىنچى خۇدا، ئىككىنچى ئاپپاق خوجا ئۇلارنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ.

بۇ يازغانلىرىم پەلسەپىدىن بىر پارچىدۇر. بەس، بۇنىڭغا ئارتۇقچە سۆزنىڭ لازىمى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ماۋزۇ ئېتىبارى بىلەن بىر - ئىككى جۈملە قوشۇمچە قىلىشنى لايىق تاپتىم.

بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، مۇنداق ئويۇن - تاماشىلار ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆزى تىرىك ۋاقتىدىمۇ بولغانىكەن. ئۇ كىشىلەرنى مۇنداق ئىشلاردىن توسمىغانىكەن. ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ بۇ ھەقتە گەپ قىلغۇچى چىقمىغان. قازىلار، مۇپتىلار، مۇدەررىسلەر، روھانىيلار ھېلىھەم بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمەيدۇ. پەقەت كۆزى ئوچۇق بىر نەچچە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلا بۇ ئىشلارنى تۈگىتىش ياكى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە مۇراجىئەت قىلغان. ھۆكۈمەت خەلقنى ئۇ ئىشلاردىن قايتۇرۇشقا تىرىشقان. لېكىن خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئاڭسىز بولغانلىقتىن، بۇ ئىشقا ھۆكۈمەتنىڭمۇ كۈچى يەتمىگەن. شۇڭا، تاۋاپ، زىيارەت، سەيلە - تاماشا ئىلگىرىكىدەك داۋاملىشىۋەرگەن ھەم ھەمىشە داۋاملىشىپ تۇرماقتا.

ئەمدى ئاپپاق خوجىنىڭ ۋەقپە يەرلىرىگە كەلسەك، ھېسابسىز كۆپ. بۇنى خەلق مۆلچەرلەپمۇ بولالمايدۇ. پالانى يەردىن پالانى يەرگىچە بولغان باغ ۋە زېمىننىڭ ھەممىسى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ۋەقپە يەرلىرى، دېيىشىدۇ. مىڭلارچە شەيخلىرى بار. شەيخلەر ئۇ يەرلەرنى ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى ئېلىش شەرتى بىلەن تېرىقچىلارغا بېرىدۇ. شەيخلىرى بەك باي، دەيدۇ. بۇنىڭدىن



51

مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

سىرت نەزىر - چىراغ، قۇربان ھېيت سەدىقىلىرىمۇ چۈشۈپ تۇرىدىكەن.

### ئالتەشەھەر خەلقى

ھاۋا تۇپرىقىنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن يەر يۈزىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلىم ۋە مەرىپەت نۇرى يەر بىلەن كۆك ئارىسىنى نۇرغا چۆمۈلدۈرگەن يەرلەر بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئالتەشەھەر دېيىلىدۇ.

پەلەك ھەرزامان گۈلدەك بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدۇ، ئايلىنىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللەتلەرنىڭ بەخت - سائادەت يۇلتۇزلىرىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئوتتۇز كۈنلۈك ئايغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇ دەسلەپىدە ئورغاقتەك ئىنچىكە ۋە ئەگمەچ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كېيىن ئاستا - ئاستا تولۇپ، چىرايلىق پارلايدۇ. كېيىن يەنە كىچىكلەشكە باشلايدۇ، يېرىمى قالىدۇ، ئاخىرىدا ئىنچىكىرەپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ، كېيىن يەنە پەيدا بولىدۇ.

زامان ئۆتەر، «ئەسلىھا سابىت ۋە فەرئەھا قىسسەما» دېگەندەك بىرلىك ياغىچىنىڭ يىلتىزىغا قۇرت چۈشىدۇ. ياز كېتىپ كۈز كېلىدۇ. رەھىمسىز كۈز بورىنى بۇ ياغاچنى يىقىتىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. شورلۇق مىللەت «موللا جالال» ئېيتقاندەك 73 توپقا ئايرىلىدۇ. پارچىلىنىپ كىچىكلەيدۇ، ئاجىزلىشىدۇ، روھى سۇنىدۇ، تېنىدە كۈچ قالمايدۇ.

بۇ توپ يەنە بىر مۇنچىگە پارچىلىنىدۇ، نەتىجىدە ھەر بىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ ۋە باشباشتاقلىق باش

كۆتۈرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق بۆلۈنمىچىلىك تۈپەيلىدىن ئالتەشەھەر خەلقى تىزگىنىنى يوقىتىپ، يوقسۇللۇق پاتقىقىغا پېتىپ ئىگىلىكى روناق تاپمايتتى.

شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالتە شەھەردە پات ـ پات ئىسيانلار چىقىپ تۇردى، بۇلارنى ئاسانراق چۈشىنىش ئۈچۈن تارىخقا نەزەر تاشلايلى:

ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈر موغۇلىستاندا چوڭ ۋە كۈچلۈك بىر دۆلەت قۇرۇپ ئالتەشەھەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مەملىكىتىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تىرىشقۇچى، خەلق ۋە ئاھالىنىڭ ئېتىقادىنىڭ كۈتۈرۈلۈشىگە ياردەم بەرگۈچى زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئالتە شەھەر خەلقى ئۇنىڭ زامانىدىمۇ بەختىيار ياشىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيە 760 ـ يىلى دادىسى چىڭگىزنىڭ سادىق ئەمىرلىرىدىن تۆلەكنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ بەش يىلدىن كېيىن 765 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالتەشەھەر ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي تۆلەك ئەۋلادلىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا قالدى. بۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىر يېرىم ئەسىر داۋاملاشتى. ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بۇ ئەسىرلەردە پارلاق ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىر تۆمۈر كۆراگان پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئالتەشەھەر تۇغلۇق تۆمۈر نەسلىدىن قەمەرىددىن خاننىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئەمىر تۆمۈر ھىجرىيە 770 ـ يىلى بەلخ ۋە ھىرات شەھەرلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن،



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

بەلخ شاھى ھۈسەيىنگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈچۈن قەمەرىددىنگە ئەلچى ئەۋەتتى، قەمەرىددىنمۇ تۆمۈرنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۆمۈر قەمەرىددىننىڭ قىزىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئۇنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ قەمەرىددىننىڭ قىزىنى ئېلىش بىلەنلا قالماي، كېيىن يەنە قەمەرىددىننىڭ ئۆزىنى ۋە مەملىكىتىنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. ئىككى ئوتتۇرىدا نۇرغۇن قان تۆكۈلدى. نۇرغۇن شەھەرلەر ۋەيران بولدى. مىڭلارچە كىشى ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ تاغۇ تاشلار ئارىسىغا تارقالدى.

دېمەك، ئالتەشەھەر خەلقى ئۈستىگە بالايىقازا قوۋۇقى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئېچىلدى.

تۆمۈردىن كېيىن خوجىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇخارا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن خىزىر خوجا دېگەن كىشى قەشقەرگە كېلىپ ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ھىجرىيە 802 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغۇللىرى شەمئى جاھان، شىرمۇھەممەد، شىرئەلىلەر ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش بولدى. ئۆزئارا ئۇرۇشلاردىن كېيىن ھۆكۈمەت شىرمۇھەممەدكە تەگدى. شىرمۇھەممەد قان ـ قېرىنداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەلنى ياخشى باشقۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ زامانىدا قەشقەر ئىلگىرىكى شۆھرىتىنى يوقاتتى. ھۆكۈمەت تىنچ بولمىغاچقا، خەلقمۇ راھەت كۆن كەچۈرەلمىدى.

ھىجرىيە 810 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىدىن سەيىد ئەلىخان (بىننى مۇھەممەدشاھ) تەختكە چىقتى. سەيىد ئەلىخان مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان زات ئىدى. 30 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 842 ـ يىلى ۋاپات بولدى. سەيىد ئەلىخان دەۋرىدە بۇخارادىن مەخدۇم ئەزەمنىڭ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا سۈركىلىش چىقىش (بۇ ئىختىلاپ تەرىقەت توغرىسىدىكى زىددىيەتتىن باشلاندى) بىلەن مەملىكەت ۋە خەلققە قاتچىلىك زىيان يەتكەنلىكى ھەققىدە ئىلگىرىكى ماقالىلەردە («شۇرا») يازغانىدىم. شۇڭا، تەكرارلاشنى لايىق كۆرمىدىم. بۇ يەردە شۇنىلا تەكرارلايمەنكى، ئاق تاغلىق ۋە

قارا تاغلىقلارنىڭ زىددىيىتى ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بەك زىيانلىق ئىدى.

سەيىد ئەلىخاننىڭ ئورنىغا سانىسىز مىرزا چىقتى. سانىسىز مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەيدەر مىرزا خان بولدى. سانىسىز مىرزىدىن ئابابەكرى، ئۆمەر دەپ ئىككى كىچىك ئوغۇل قالغانىدى. بۇ باللار ئۆسۈپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ھەيدەر مىرزىدىن ھاكىمىيەتنى تەلەپ قىلغانىدى، بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار بولۇپ، ئاخىرىدا موغۇل خانلىرىدىن يۇنۇس خاننىڭ ياردىمى بىلەن ئابابەكرى يەڭدى. ئابابەكرى 44 يىل شانۇ شەۋكەت بىلەن ھۆكۈم سۈردى. لېكىن ھىجرىيە 937 ــ يىلى موغۇل خانلىرىدىن سۇلتان سەئىد تەرىپىدىن يېڭىلىپ تىبەت تاغلىرىغا قاچتى.

سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى ئابدۇرېشىت ئولتۇرۇپ، 32 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئابدۇرېشىتخان ئوچۇق پىكىرلىك سىياسىيون ئىدى. ئافغانىستان خانلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. خەلق ياخشى كۈن كۆرۈشكە باشلىدى.

ئالتەشەھەر ئاھالىلىرى بۇ ۋاقىتلاردا ئاساسەن راھەت ۋە پاراغەتتە ياشىدى.

ھىجرىيە 1070 ــ يىلى چاغاتاي نەسلىدىن ئىسمائىلخان قەشقەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىسمائىلخان ئىلىم ــ مەرىپەتكە ئامراق كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ زامانىدا ئەل ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلۋاتاتتى. بىراق، شۇ ۋاقىتتا مەخدۇم ئەزەم نەسلىدىن ۋە ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجا قۇتراپ ئىسمائىلخاننى ئاغدۇرۇش قەستىگە چۈشتى. ئىسمائىلخان ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاپپاق خوجىنىڭ ئىسيان قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى.

ئاپپاق خوجا ئىلى تەرەپكە بېرىپ غالدان قونتاجىنى ئىسمائىلخانغا قارشى يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتتى ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ ياردەم قىلىدىغانلىقى، قەشقەردە تەرەپدارلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈردى.

غالدانمۇ بىر يىل ھەربىي تەييارلىق قىلىپ ئاپپاق خوجا بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. ئىسمائىلخان ھەرقانچە پىداكارلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قالدى.



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

غالدان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن ھىجرىيە 1099 ــ يىلى ئاپپاق خوجىنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ، ئىسمائىلخاننى بارچە تەئەللۇقاتى بىلەن ئەسىر ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئىلىغا ئېلىپ كەتتى.

ئىسمائىلخان 29 يىل خان بولدى.

مانا شۇ يىلدىن كېيىن ئالتەشەھەر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى.

### ئالتەشەھەر خەلقى

ھىجرىيە 1125 ــ يىلى دانىيال خوجا (قارا تاغلىق) قەشقەرگە، ئەخمەت خوجا (ئاق تاغلىق) ياركەنتكە ئايرىم ــ ئايرىم پادىشاھ بولدى. بۆلۈنگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاجىزلىششى ھەممىگە بەلگىلىك. شۇڭا، بەش يىلدىن كېيىن قەشقەرمۇ، ياركەنتمۇ غالداننىڭ قولىغا كىرىپ كەتتى.

بەش ــ ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن جوڭغار خانلىرىدىن غالدان سېرىن قەشقەر، ئاقسۇ، ياركەنت ۋە خوتەن شەھەرلىرىنى مەزكۇر دانىيال خوجىنىڭ تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ، تۆت ئوغۇل تۆت شەھەردە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىش جوڭغارلارنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىگە بەك ئۇيغۇن ئىدى. خوجىلارنىڭ جوڭغارلارغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە قويۇلغان بىردىنبىر توزاق ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار

ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار باشلىنىشى تۇپەيلىدىن
چاغاتاي ۋە ئالتەشەھەر ھۆكۈمىتى زەئىپ ۋە پەرىشان
ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇمۇ ئۇزاققا بارمىدى. بۇ يەر
ھىجرىيە 1172 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلار ۋە ئالتەشەھەرلىكلەر
ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشى ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش
چيەنلۇڭ زامانىدا ئىشقا ئاشتى. چيەنلۇڭ ناھايىتى تەد-
بىرلىك ۋە ئاقىل كىشى ئىدى. 68 يىل خان بولۇپ، ھە-
جىرىيە 1211 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

مانجۇلار باشتا باشقۇرۇلغۇچى مىللەتلەر بىلەن چە-
رايلىق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مايىللىقى ۋە سادا-
قىتىنى تارتىشقا تىرىشتى. لېكىن كېيىنچە بېرىپ ھۆكۈمە-
رانلىقنى چىڭىتىۋالغاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا زۇلۇمىنى
كۈچەيتىشكە باشلىدى. دەسلەپىدە قارشىلىق كۆرسەتكەن-
لەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى تۈر-
مىگە تاشلىدى. نۇرغۇن ئادەمنى دارغا ئاستى، چاپتى.
پۇقراغا بىرگە بىر باج ـ سېلىق ئارتتى. شەھەر ـ قەلئە-
لەرنى ياساتتى.

جەبىر ـ زۇلۇم بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچكە
ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ نۇرغۇنى پەرغانىگە قاچتى.

پادىشاھنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بارمۇ ـ يوقمۇ؟ ئە-
مەلدارلارنىڭ بۇ ئىشلىرى پۇقرادىن كۆرە ئۆزلىرى ئۇ-
چۇن، ھۆكۈمەت ئۈچۈن تەھدىت ئىدى. چۈنكى ئاھالە



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا بولۇپ، قوز-
غىلاڭ چىقىش ئېھتىمالى بار ئىدى. دېمەك، ئەمەلدارلار-
نىڭ مۇنداق مۇئامىلىلىرىدىن خەلق تويدى، جانلىرى
سىقىلدى. شۇڭا يەردىن، كۆكتىن قوغدىغۇچى ۋە ياردەم-
چى كۈتمەكتە ئىدى.

قېرىنداشلىرى بولغان ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ
ھالىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۈشكۈل ۋە بىچارە ئىكەنى
لىكى پەرغانىگە كۆچۈپ كەتكەن سالىھ خوجىغا ئاڭلىنىدۇ
سالىھ خوجا قېرىنداشلىرىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش نى
يىتى بىلەن 30 يىل ھەربىي تەييارلىق قىلىدۇ. مۇھاجىرلا
بىلەن قىرغىزلارنى بىرلەشتۈرىدۇ ۋە پەرغانىدىن پىدائىي
لارنى تەييارلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ناھايىتى كۈچلۈك بى
قوشۇن تەشكىللەيدۇ. بىراق مەقسىتىگە يەتمەي تۇرۇ
ئەجەل يېتىپ ۋاپات بولىدۇ.

ئۇنىڭ جاھانگىر خوجا ئىسىملىك ئوغلى ئاتىسى باش
لىغان ئىشنى باشقا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى سالىھ خوجىنىڭ بول
سۇن ياكى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ھەرىكىتى بولسۇن، ھەممىدى
خەۋەردار ئىدى. شۇنىڭغا قارشى جىددىي ھازىرلىق قى
لىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا قەشقەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ
500 ـ 600 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى.

ھىجرىيە 1240 ـ يىلى جاھانگىر خوجا بارى ـ يوق
ئەسكىرى بىلەن (لېكىن چىڭ ئەسكەرلىرىگە سېلىشتۇر-
غاندا بەك ئاز ئىدى)، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا ۋە تاياق ـ
توقماقلىرىنى ① كۆتۈرۈپ قەشقەرگە كەلدى ۋە قەشقەرنى
ناھايىتى ئاسانلا ئالدى، ئەسكىرى ھەدەپ كۆپەيمەكتە
ئىدى، چۈنكى خەلق كۆپتىن بېرى شۇنى كۈتمەكتە ئىدى.

خەلق جاھانگىر خوجىنىڭ ياركەنت، خوتەن شەھەر-
لىرىنىمۇ ئالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

بۇ خەۋەر ئۇزاق ئۆتمەي بېيجىڭدىكى ئىمپېراتور
داۋگۇاڭغا يەتتى. ئىمپېراتور 100 مىڭ كىشىدىن تەركىب
تاپقان ئاتلىق قوشۇننى تەييارلاپ قەشقەرگە ماڭدۇردى
بۇ قوشۇن ئالتەشەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاقسۇ شەھە-
رىدە ② توختاپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى.

81 مىڭ كىشىنى قەشقەرگە، قالغانلىرىنى ياركەنت ۋە
خوتەن تەرەپلەرگە ئەۋەتىشكە قارار قىلدى.

جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئېلىپ سەككىز ـ توقۇز

ئاي ئۆتكەندى. كۈتمىگەن يەردىن مۇنچىۋالا كۆپ ئەسكەرنىڭ كېلىشى جاھانگىر خوجا تەرەپدارلىرىنى تەشۋىشكە سالدى. بۇ چاغدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئەسكىرىمۇ 50 مىڭغا يەتكەندى. بىر نەچچە كۈن دەھشەتلىك ئۇرۇش بولۇپ چىڭ ئەسكەرلىرى غەلىبە قىلدى.

جاھانگىر خوجا بىر يىل يۇرت سوراپ ئاخىرىدا ئەسىرگە ئېلىندى.

## جاھانگىر خوجىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

جاھانگىر خوجا شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلدى. ئاقسۇغىچە ياياق ماڭدۇردى. تۆمۈر قەپەسكە سېلىنىپ ئەلگە سازايى قىلىنغاندىن كېيىن بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلدى. تاكى بېيجىڭغىچە تۆمۈر قەپەس ئىچىدە باردى. داۋگۇاڭ خان جاھانگىر خوجىنى ئالدىغا كەلتۈرۈشكە يارلىق قىلدى. خان ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنى باشلاپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش سەۋەبىنى سورىماقچى ئىدى. ئۇمۇ ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ چىڭ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىلگەنلىكى، خورلانغانلىقىنى ئېيتماقچى ئىدى. بۇنى تۇيۇپ قالغان ۋەكىللەر ئۇنىڭغا تىلىنى تۇتىدىغان دورا ئىچكۈزۈپ ئاندىن خان ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. خان بىر نەچچە سوئال سورىدى، لېكىن جاھانگىر خوجا تىلسىز ئىدى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى. شۇڭا سوئاللارنىڭ ھەممىسى جاۋابسىز قالدى. خان جاھانگىرنى چېپىشقا بۇيرۇق قىلدى، چېپىلدى.

ھىجرىيە 1233 ـ يىلى قوقانلىق يۈسۈپ خوجا، تاشكەنتلىك ھەققۇلى مىڭبېشىلار قەشقەرگە كېلىپ چىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

① بۇ زاماندىكى ئۇرۇشلار كۆسەي، چوماق، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا، مىلتىق قاتارلىقلار بىلەن بولاتتى. خەلق ئەسكەر، ئەسكەر خەلقتىن ئىبارەت ئىدى.

② ئاقسۇ ئالتەشەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا، غۇلجا، قەشقەر، ياركەنت ۋە خوتەن شەھەرلىرىنىڭ ھەربىرىگە بۇ يەردىن ئاتلىق 12 كۈندە بارغىلى بولىدۇ.

مانجۇلار خوجىلاردىن بەك ئەنسىرىگەچكە قوقان خانى مۇھەممەد ئەلى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. مۇھەممەد ئەلىخان ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، 1247 ـ يىلى بۇ كېلىشىمنى تەستىقلىدى. بۇ كېلىشىمدە مۇھەممەد ئەلىگە پايدىلىق ماددىلار كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ تىجارەت خۇسۇسىدىكى ئىمتىيازلاردىن قوقان خانى كۆپ پايدا ئالغانىدى.



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

مەزكۇر كېلىشىم بويىچە مۇھەممەد ئەلىخان ئالتەشەھەرنى خوجىلار ھۇجۇمىدىن ساقلاپ تۇردى. شۇڭا 1247 ـ يىلدىن 1272 ـ يىلغىچە مەملىكەت تىنچ تۇردى. بىراق، كېيىن قوقان ئەسكىرىي باشلىقلىرىدىن مۇھەممەدخان قوزغىلىپ مانجۇلار بىلەن سوقۇشتى.

ئاندىن كېيىن 1272 ـ يىلى قەشقەرگە ۋەلىخان تۆرە كەلدى. ۋەلىخان تۆرە قەشقەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى. لېكىن ۋەلىخان تۆرىنىڭ جەبىر ـ زۇلۇمى مانجۇلارنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

ھىجرىيە 1281 ـ يىلى ياقۇپ بەگ كەلدى. ياقۇپ بەگ پۈتكۈل ئالتەشەھەرنى قولغا ئالدى. 14 يىل خانلىق قىلىپ كورلىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ياقۇپ بەگنىڭ ئالتەشەھەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشى، بىر تەرەپتىن قارىماققا خەلقنىڭ ئارزۇسىدەك قىلسىمۇ، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر، ئالتەشەھەرلىكلەر ياقۇپ بەگنى ياقتۇرمىدى.

ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ ھازىرقى ھاللىرىمۇ 1172 ـ 1211 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش بىچارە، پۈتكۈل ئىشى تەرتىپسىز ۋە قائىدىسىزدۇر.

زامان ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشلىرى پەقەت ئۆزگەرمىدى. ھېلىھەم ئىلگىرىكى پېتىچە تۇرماقتا. ھېچبولمىغاندا باشلانغۇچ ئېپتىدائىي مەكتەپلەرنى بولسىمۇ يولغا قويغان بولسا بولاتتى.

### ئىزاھ

«شۇرا»نىڭ 1915 ـ يىللىق 23 ـ سانىدا قەشقەرلىك دامولla ئابدۇقادىر جانابلىرىنىڭ «بايانى ھەقــقــەت» ماۋزۇلۇق بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغانىدى. قەشقەردەك ئەڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدىن شۇنداق ئاڭلىق ۋە كۈچلۈك بىر ئالىمنىڭ چىقىپ ئۇيغۇرچە مەتبۇئات ئارقىلىق ھەقىقەت ھاللىرىنى بايان قىلىشى مېنى بەك سۆيۈندۈردى. بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ تۇرۇشنى تىلەيمەن.

ئەمما «بايانى ھەقىقەت» كە ئازراق ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈش پايدىسىز بولمىسا كېرەك.

مۇھتەرەم مۇدەررىس دامولla ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ بايانىغا قارىغاندا: نەزەر خوجا جانابلىرى ـــ قەشقەردە مۇساپايوپلاردەك تەرەققىيپەرۋەر بايلار ۋە ئابدۇقادىر دامولladەك ئوچۇق پىكىرلىك ئالىملارنىڭ بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ «قەشقەر تەرەققىي قىلدى» دەپ ئويلايدۇ ـ يۇ، كەينىدىنلا بۇ پىكىرنىڭ خاتالىقىنى يەنى قەشقەرنىڭ تەرەققىي قىلالمىغانلىقىنى چۈشىنىپ بەكمۇ ھەيران قالغان (نەزەر خوجا ئەپەندىنىڭ ماقالىسى چىققان «شۇرا»نى كۆرەلمىدىم)لىقىنى يازغان.

دامولla ئابدۇقادىر جانابلىرى بولسا نەزەرخوجىغا جاۋاب تەرىقىسىدە قەشقەرنىڭ تەرەققىي قىلالمايۋاتقانلىقىغا مۇنداق سەۋەب كۆرسىتىدۇ: «تەرەققىي قىلىش ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن بۈيۈك يولباشچىلار ياكى مەدەنىيەتلىك قوشنىلار بولۇشى كېرەك. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ تەسىرلىرى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئېشىشى تەبىئىيدۇر. لېكىن بىزدە ئۇنداق رەھ-



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

بەرلەر يوق. قوشنىلىرىمىزمۇ پۈتۈنلەي تەرەققىي تاپمىغان خەلقلەردىن ئىبارەت. پۈتۈن ئەتراپىمىز جاھالەت بىلەن ئورالغان. پەقەت غەرب تەرەپتىنلا يول ئوچۇق بولۇپ، بىزگە شۇ يولدىنلا بۇخارايى شېرىب مەدەنىيەتىلا كەلدى» دەپ تەئەسسۇپ ئارىلاش قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

ئاندىن كېيىن سۆزنى يەنە قەشقەرگە بۇراپ، ھېلقى ئىنچىكە، لېكىن بەك مەنىلىك قارشىلىقنى يېشىپ: بۇخارادىن قەشقەرگە كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ شەمسىيە دەرسلىرى، ئىلمىي مەبھەسلەر، ئەقائىد شەرھلىرىدەك مېڭىنى چىرىتىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئەسكەرتىدۇ. دېمەك، قەشقەرنىڭ ھەر تەرىپىنىڭ جاھالەت بىلەن قورشالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ.

شۇ سەۋەبتىن تەرتىپلىك مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىغاندا ئاڭسىز مولللار تەرەپتىن ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقى، شۇڭا مەكتەپنى تاقاپ، بۇخارا ئۇسۇلىدا كونىچە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ جايىغا چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

مېنىڭچە دامولla ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ بۇ سەۋەبى بۈگۈنكى كۈندە چىن مەنىدىكى سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى ھازىر قەشقەردە مەكتەپكە قارشى تۇرغۇچىلار ئازايدى. ئۇلار ئەمدى پۈتۈنلەي ئېتىباردىن قالدى. ئەمدى بۇخارا سەپسەتىلىرى بىلەن ۋاقتنى ھارام قىلىدىغان زامان كەتتى. شۇڭا قەشقەرنىڭ مۇدەررىس ۋە مەدرىسلەردىن كۆرە تېخىمۇ تەرتىپلىك مەكتەپ ۋە كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىلارغا كۆپرەك ئېھتىياجى چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، دامولla ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ مەكتەپنى تىرىلدۈرۈپ يېڭىدىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن شۇنى كۈتىمەن.

باشقىلارغا قىز بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى مۇنداق پەردە ئاستىغا يوشۇرۇشقىلا تىرىشماي، پۈتۈنلەي يوقىتىشقا تىرىشىش كېرەك. بىراق، بەچچىۋازلىق خەۋەرلىرىنى بەك ئىشەنچلىك سانالغان كىشىلەردىن ئاڭلاپ يازغانىدىم، ئېنىقلىغىنىڭىز توغرا چىققان بولسا

بۇنىڭ ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئوقۇيمەن. تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

ئېھترام بىلەن: مۇھىببىڭىز نوشرۋان ياۋۇشېف

## ئارتۇش تەسىراتى

بۇرۇنقى خانلارنىڭ تارىخلىرىدىن ئاز ـ تولا مەلۇمات ئېلىش نىيىتى بىلەن بۈگۈن ئارتۇشقا يول ئالدىم. ئارتۇش قەشقەرنىڭ 25 چاقىرىم شەرقىدىكى جاي بولۇپ، باش ـ ئايىغى يوق قۇم دېڭىزى ئىچىدە ئىككى تاغ ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان ئازغىنە مۇنبەت يەردىن ئىبارەت.

هارۋىغا ئولتۇرۇپ، كۈن چىقىشقا قاراپ بەش ـ ئالتە سائەت ماڭغاندىن كېيىن يېشىللىق، گۈزەل مەنزىرىلەر، ئېتىزلىقلار ۋە دەرەخلىكلەر كۆرۈندى. ئەنە شۇ دۆڭلەك كۆلدەك يېشىللىق ئىچىدە ئىسمىمۇ، جىسمىمۇ ئۇلۇغ بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بوۋىمىز ياتىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ مۇقەددەس قەبرىسىنى زىيارەت قىلغىلى كېتىۋاتىمەن.

يۇقىرىدا دېيىلگەن ئازغىنە مۇنبەت يەرلەردىن مەشھەد، ئۇستۈن تاغ، تۆت كۆل، ئوڭ ئېرىق، سول ئېرىق، ياقا باغ، ئورتان ساغ، ۋاقۋاق، ئازاق، تېتىر، كۆك ئالا، تاغتۆۋەن، لەڭگەر، باي ئەخمەت، تاجىدىن دېگەندەك 16 ـ 17 يېزا بار. نوپۇسى تەخمىنەن 7000 ـ 8000 ئۆي چۆرىسىدە.

ئەڭ ئاۋۋال بۇغراخان ياتقان مەشھەد يېزىسىغا كەلدىم. بۇ يېزىدا يۈزلەپ ئۆي بار. دۈشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. بۇ بازاردا ئەرلەرگە قارىغاندا خوتۇن ـ قىزلار كۆپرەك بولىدۇ. سودىسى قولدا توقۇلغان بۆز سېتىشتۇر.

بۇغراخان قەبرىسىنىڭ يېنىدا تىلىۋالدى باي سالدۇرغان بەك كۆركەم بىر مەسچىت بار. مەسچىتنىڭ يېنىدا هالى خاراب بىر مەدرىسىمۇ بار. بۇ مەدرىسىدە شاگىرتلار هازىرمۇ ئوقۇپ تۇرىدۇ. مەدرىسىگە كىرىپ مۇدەررىس هابىل بىلەن كۆرۈشتۇم. ئاز ـ تولا پاراڭلىشىپ كۆرگەن بولساممۇ، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك مەلۇمات ئالالمىدىم. ئۇ يەردىن چىقىپ بۇغراخاننىڭ قەبرىسى بار مەيدانغا كىردىم. تەخمىنەن يۈز ساژىن تۆپتۈز يەردە ئاددىي بىر قەبرىدىن باشقا هېچنېمە يوق. گۈمبىزى دېگەندەك نەرسىلىرىمۇ يوق. بۇ قەبرە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندەك ئۇلۇغ بىر



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

كىشىنىڭ قەبرىسىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. قىلغان ئىشى بىلەن ئۇنىڭدىن بەك تۆۋەن تۇرىدىغان ئاپپاق خوجا، مۇرات بەخش ئاتا، قۇتبۇللاھ خوجا، قەمبەر ۋەلى... دېگەندەكلەر چوڭ ۋە كۆركەم گۈمبەزلەردە يېتىپ، بۇ قەبرىنىڭ مۇنداق خارابە هالەتتە يېتىشى كۆزۈمگە سىغمىدى. قەبرىنىڭ ئويلىغىنىمدەك چىقماي قالغىنىدىن كۆڭلۈم قىلىپ تۇرغاندا ئۈچ شەيخنىڭ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ سەدىقە تىلىشى تېخىمۇ كەيپىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئاچچىقىم بىلەن ئۇلارغا قاراپ:

—سۇلتان سۇتۇقنىڭ تارىخ ـ تەزكىرىلىرى بارمۇ؟— دەپ سورىدىم. شەيخمۇ كۆزىنى ئالايتىپ:

—يوقالغان،—دېدى.

هەي! ئەخمەقلەر! چىرىپ توپىغا ئايلانغان قەبرىنى ساقلاپ ئولتۇرغىچە ئۇنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى، تارىخ ۋە تەزكىرىسىنى ساقلىغان بولساڭلارچۇ كاشكى، ئال مانا ساڭا سەدىقە! بىر تىيىنمۇ بەرمىدىم.

ئىلگىرى بۇ قەبرىنىڭ چوڭ ۋە كۆركەم گۈمبىزى بولغان. بۇ گۈمبەز 1903 ـ يىلىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە بۇزۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئوڭشالمىغان. بۇ يەردە ئەرەبچە، پارسچە تارىخىي شېئىرلار يېزىلغان بەك ھەيۋەتلىك باغانالار بولغانىكەن. شۇ قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى تېخى 1913 ـ يىلىلا ئاشخاباتتىن كەلگەن بىر ئەرمەنگە 60 سومغا سېتىلغان. كونا ۋە قىممەتلىك بىر گىلەممۇ يۈز سومغا بېرىلگەن. ئەرمەن بۇ نەرسىلەرنى

ئاشخاباتقا ئاپىرىپ خېلى كۆپ پايدىسىغا ساتقان.

سۇلتان سۇتۇقنىڭ ۋاقتىدا ياسالغان ئالتۇن چىراغمۇ يوقالغان.

تۇرمۇشى ئارتۇش خەلقىنىڭ كەسپى تېرىقچىلىق ۋە بۆز توقۇشتۇر. بۇ يەردە مال ـ چارۋا ئاز بېقىلىدۇ. ئۆي ئىچى ۋە تېشىدىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى خوتۇن ـ قىزلار قىلىدىكەن. ئالتەشەھەردە يېزا تۇرمۇشى بىلەن شەھەر تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدا بەك چوڭ پەرق بار. شەھەر خەلقى ئومۇمەن بۇزۇقچىلىققا مايىل بولۇپ، قىمارۋازلىق، پاھىشىۋازلىق، هاراقكەشلىك، گادايلىق، دىۋانىلىك، ئالدامچىلىق، ئاسىيلىق ۋە خىيانەت، جەبىر ـ زۇلۇم ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېزا خەلقى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە. بۇلار ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، توغرا سۆزلۈك كېلىدۇ. بۇلاردا هىيلە ـ مىكىر، ئاسىيلىق ۋە خىيانەت دېگەندەكلەرمۇ ئاز بولىدۇ. ئىككىنچىدىن: شەھەر خوتۇنلىرى ئىشلىمەي ئەرلىرى تاپقاننى يەپ ياتىدۇ، هۇرۇن ۋە كېرەكسىز. ئەمما يېزا خوتۇنلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەرلىرىدىن كۆپ ئىشلەيدۇ. كىيىم تىكىدۇ، باغۋەنچىلىك قىلىدۇ، يىپ ئېگىرىپ بۆز توقۇيدۇ. بازارغا بېرىپ ئەرلەرگە ئوخشاش سودا قىلىپ پۇل تاپىدۇ. بالىلىرىنى باقىدۇ، تويغۇزىدۇ، كىيىندۇرىدۇ. يېزا خوتۇنلىرى ئارىسىدا يولدىن چىققانلىرىمۇ ئاز بولىدۇ. ئىشقىلىپ بۇ خوتۇنلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ. بۇلارنىڭ پەقەت ئوقۇمىغانلىقى بار. ئەگەر ئوقۇغان ۋە تەربىيە كۆرگەن بولسىدى، مەملىكەتنى يالغۇز شۇ يېزا ئاياللىرىلا تەرەققىي



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

قىلدۇرغان بولاتتى.

لېكىن يېرىنىڭ ئازلىقىدىنمۇ، ئىلىم ـ تېخنىكا يوقلۇقتىنمۇ ئىشقىلىپ ئارتۇش خەلقى ئومۇمەن موھتاجلىقتا ياشايدۇ. تۇرمۇشى بەك بىچارە. ياخشى ئۆيلەردە تۇرۇش، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىش، نوچى ئاتلارغا مىنىش، مەززىلىك تائاملارنى يېيىش، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشتەك سائادەتلەردىن مەھرۇم قالغان، خار ۋە زەبۇن ھالەتتە ياشايدۇ. تاپاۋىتى ئاز، بىراق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى خېلى قىممەت، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك بۇ يەردە ئانا بالىغا، بالا ئانىغا قاراشمايدۇ. قىيامەت كۈندەك ھەركىم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە.

شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن مەسۇم بالىلار يامان، رەزىل ئىشلارغا مەھكۇم بولۇپ كېتىدۇ. قورساق ئاچ بولغاچقا، مائارىپ بىلەن ئۇچرىشىش قىيىن بولۇۋاتقاندۇر. بەلكىم «ئاچنىڭ كۆزى ئەكمەك (نان) تە، توقنىڭ كۆزى ھېكمەتتە».

بۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى چوڭ بايلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئۆز پايدىسى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. مائارىپ ۋە ياخشى ئىشلارغا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدۇ. ھەتتا ئۆز بالىلىرىنىمۇ تەربىيىلىمەيدۇ، كەلگۈسى بىلەن كارى يوق. تىرىكلەرگە قارىغاندا ئۆلۈكلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەكتەپ سېلىش ئورنىغا پىششىق خىشتىن چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك گۈمبەزلەرنى ياسىتىدۇ. ئارتۇشتا ئوتتۇزلاپ گۈمبەز بار، ئەمما كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرمۇ مەكتەپ يوق.

ئارتۇشتا نوپۇس كۆپەيمەيدۇ، بۇ يەردە ئەرلەر ئاز. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ئارتۇش خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى سىرتتا تىرىكچىلىك قىلىدۇ. خوتۇن، بالا ـ چاقىسىنى تاشلاپ كېتىپ ئۆيىگە قايتالمىغانلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. يۇرتتا ئىشقا يارىمايدىغان قېرىلار ھەم خوتۇن ـ قىزلارلا قالىدۇ.

ئارتۇش خەلقىنىڭ ئۆسمەسلىكى، ئەرلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىپ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى يېرىنىڭ ئازلىقىدىن دەپ قارىلىدۇ. ئومۇمەن ئارتۇشتا مۇنبەت ۋە ھوسۇلدار يەرلەر ھېسابلىقلا.

## ئالتۇن چىراغ

ئارتۇش خەلقىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇغراخان مازىرىدا ئالتۇندىن ياسالغان بىر چىراغ بولغانىكەن. بۇ چىراغنى بۇغراخاننىڭ ئۆزى ياساتقانىكەن. ئۇنىڭ بىر خاسىيىتى سۇ بىلەن يانىدىكەن. ئۇنىڭغا ماي كېرەك ئەمەس ئىكەن، قانداقلا سۇ قۇيۇپ قويسالىڭ يېنىۋېرىدىكەن. سەل ئىلگىرى ئارتۇشلۇق بىر قازى مەزكۇر چىراغنى قىرغىزلار ئارىسىغا ئېلىپ بارغان. بۇغراخاننىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ خېلى جىق پۇل تېپىپ قايتقان. كېيىن بۇ چىراغ يوقالغان. ئۇنىڭ يوقىلىشىغا شۇ قازى سەۋەب بولغان دېيىشىدۇ. بۇ مۇبارەك چىراغنىڭ يوقىلىشى ئارتۇش خەلقىگە بولۇپمۇ شەيخلەرگە بەك زىيان، ئەلەم بولغان. چۈنكى بۇ چىراغتىن مازار شەيخلىرىگە بەك جىق ماددىي پايدا كېلىپ تۇراتتىكەن. باشقا كىشىلەر بولسا بۇغراخاننىڭ كارامىتىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ مەنىۋى لەززەت ئېلىپ تۇراتتىكەن. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھەركىم بۇ چىراغنى سېغىنىدۇ. ئەمدىلىكتە شەيخلەر زىيارەت قىلغۇچىلارغا ئۇنىڭ ھېكايىسىنىلا سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇ چىراغنىڭ سىرى مۇنداق ئىكەن. ھېلىگەر شەيخلەر كىشى كۆرمىگەندە پىلىتىنى مايغا چىلاپ، سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان نەرسە بىلەن پىلىتىنى ئوراپ چىراغقا سېلىپ ئۈستىگە سۇ قۇيىدىكەن. مۇنداق بولغاندىكىن تەبىئىي يانىدۇ ـ دە، شەيخلەرنىڭ ھېيلىسىنى كۆرمىگەن، سەۋەبىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۇنى بۇغراخاننىڭ كارامىتى، دەپ ئويلايدىكەن.

ئىسلام ئالىمىدىكى خۇراپاتلارنى سۆزلەپ، يېزىپ تۈگىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق خۇراپاتلار ھەرقانداق يەردە بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماكانى ئالتەشەھەردۇر. قەيەردە بىر بۇلاق بولسا ئۇ قانداقتۇر بىر ۋەلىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن ياكى ھاسىسىنىڭ ئىزىدىن پەيدا بولغان دېيىلىدۇ. قانداقلا بىر يەردە يىغىلىش بولسا ئۇ يەردە ۋەلىلەرنىڭ كارامەتلىرى سۆزلەنمەي قالمايدۇ. ئۇلار خۇراپاتلىقتا شۇ قەدەر ئۇچىغا چىققانكى، ۋەلىلەرنى خۇدا دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. تاغ، تاش، شامال، يامغۇر، قار، بوران دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسىنى



مەزكۇر سۈرەت بۈنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

ۋەلىلەرنىڭ كارامەتلىرىگە باغلاپ سۆزلەيدۇ. دېمەك، ئەۋلىيالارنىڭ كارامىتى ئاللانىڭ قۇدرىتىدىن ئۈستۈن قويۇلىدۇ.

كارامەت ۋە خۇراپاتنىڭ بۇنچىۋالا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتىشىنىڭ باش سەۋەبى ئىلىمسىزلىكتۇر. فىزىكا، خىمىيە ۋە تەبىئەت دەرسلىرى ئوقۇتۇلمىغانلىقتىن، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى يېتەرلىك چۈشىنىلمەيدۇ ۋە تونۇلمايدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن خەلق خۇراپاتقا پاتىدۇ.

تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىش، ئاجايىپ ھېكمەتلىرىنى كۆز بىلەن كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش—پەقەت ئىلمىي خىمىيە ۋە تەبىئەت دەرسلىرىنى ئۆگىنىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە بەك كۆپ سۆزلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.

مەن بۇ سۆزلەرنى ئالتەشەھەرگە قاراپ سۆزلەيمەن. يەنى ئەمەلىي ئېھتىياجقا قاراپ يازىمەن. قىسقىسى، يەتتە ـ سەككىز ياشلىق پىرىنىڭ بالىسىنىڭ ئىمانى، بىزنىڭ 30 يىللاپ بۇخارا مەدرىسلىرىدە ياتقان مۇسۇلمان بالىسىنىڭ ئىمانىغا تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پەرقلىقتۇر.

ئارتۇش

نۇشرۋان يائۇشېۋ. كاشغەر

«شۇرا» ژۇرنىلىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئۇرخۇن

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# بالىلىقتا قالغىنىم بار





تۇنجى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ماڭا بۇنچىلىك زور تەسىر قالدۇرۇشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئۇلار مېنى ئالاهىدە قارشى ئالدى ۋە مەن بىلەن هەيران قالارلىق ئۇسۇلدا خوشلاشتى. قىسقىغىنە بىر ئاي ئىچىدە ئارىمىزدا تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز مېهىر - مۇهەببەت ئورناپ قالدى. شۇنداقلا بۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپ هاياتىمغا قايتا هاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

تۇنجى قېتىم دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ ئوقۇغۇچىلىرىمغا قاراپ تۇرغىنىمدا، دەرسخانا بەك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. پىلدىرلاپ تۇرغان 64 جۈپ كۆز ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇلار تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دەرسخانا گۈلدۈر - قاراس ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى.

— مۇئەللىم، ئىسمىڭىز نېمىتى؟

— مۇئەللىم چېچىڭىز تەبىئىي بۇدۇرما؟ دادامنىڭمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش تەبىئىي بۇدرە. مۇئەللىم بىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرىڭە! مۇئەللىم ئۆيىڭىز نەدە؟

ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم بۇنداق سوئاللارنى سورايدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم شۇنچىلىك سەبىيلەرچە هەم شۇنداق ئوچۇق - يورۇق ئىدى. ئۇلار ماڭا گۇمانىي نەزەردە قارىمايتتى هەم مېنى پەقەت يات كۆرمەيتتى. بىر هەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەن ئۇلار بىلەن ئىنتايىن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدىم، شۇنداقلا هەر بىرىنىڭ ئىسمىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالدىم.

ۋەتەنپەرۋەرلىك قەبرە سۇپۇرۇش (چوكانتال) بايرىمى هەر يىلى پىئونېرلارنىڭ چوقۇم ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بولغان بۇرچى هەم پىئونېرلارنىڭ بايرىمى، سىنىپىمىزدا گاۋ فامىلىلىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ سىنىپىمىزدىكى بالىلارنىڭ كاتتىبېشى، شۇنداقلا ئەڭ كەپسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ هە دېسىلا باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر رەتتە تۇرۇشنى خالىمايتتى.

— گاۋ رەتكە كىرىپ جىم تۇر! — بۇ سۆزنى قانچە قېتىم تەكرارلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئامالسىز يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، بارلىق كۈچۈم بىلەن تارتىپ ئۇنى رەتكە كىرگۈزدۈم. قولۇمنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزىدىن نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ ئازراق قورقۇپ قالدىم. بۇ تەن جازاسىغا كىرەمدۇ؟ ئۇنى تەپكىنىم قاتتىق كەتتىمۇ قانداق؟ ياكى قەلبىگە ئازار بېرىپ قويدۇممۇ قانداق؟ مۇشۇنداق ئەنسىزلىكلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمىزغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتتىم.

—ھېچقىسى يوق، ئەتىسىلا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ،—دېدى ئۇ. ئەتىسى گاۋ مەندىن كەچۈرۈم سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىدىن يەنىلا ئىشەنچسىزلىكنى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولاتتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم «قارت»لا قىلىپ قالدى، ئۆزۈمنىڭ يېڭىلىك بىلەن قىلغان قوپاللىقىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم.

بۇ بالىلارنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى ساۋىقى ئىدى. بىر قېتىم تەنتەربىيە دەرسىدە مۇئەللىم كەلمىگەنلىكتىن مەن بالىلارنى يېتەكلەپ توپ ئويناتتىم، قىسقىغىنە ئون مىنۇت ئىچىدە بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇدا ئۈچ قېتىم توقۇنۇش بولدى، مېنىڭ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، ئاغزىمغا نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمىدىم:

—ئاناڭنى! يەنە ئۇرۇشتۇڭما؟—دەپ ساپتىمەن. گەپ ئاخىرلىششى بىلەنلا بالىلار بىرلىكتە:

—مۇئەللىم سەت گەپ قىلسا بولمايدۇ!—دېيىشىپ كەتتى. ئوڭايسىزلىقىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. قىلالايدىغىنىم پەقەتلا ئوقۇغۇچىلاردىن كەچۈرۈم سوراپ خاتالىقىمنى تونۇش ئىدى. شۇنداق، ئۇ كۈنى ئەتىگەن بالىلارنىڭ بىرلىكتە قىلغان «سالام مۇئەللىم!» دېگەن سۆزى مەندىكى بارلىق يامان ئىللەتلىرىمنى تۈزىتىشكە سەۋەبچى بولدى. شۇنداقلا ھەر ۋاقىت ئۆزۈمنىڭ بىر ئوقۇتقۇچى، ھەق ـ ناھەقنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىمنى ئەسكەرتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى، چۈچۈك تىللىرى، ھەرىكىتى، تەسەۋۋۇرى مېنى سېھىرلەپ ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ماڭا كۈندە قۇياشتەك ئىللىقلىق ئاتا قىلغان بالىلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىمنى ئاشۇردى.

مېنىڭ پات ئارىدا مەكتەپتىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار پۇرسەت بولسىلا ئەتراپىمغا يىغىلاتتى.

— مۇئەللىم كەتمىسىڭىز بولمامدۇ، داۋاملىق مۇشۇ يەردە بىزگە دەرس ئۆتۈۋەرسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟

—ئۇنداقتا كىم ماڭا مائاش بېرىدۇ، مائاشىم بولمىسا جېنىمنى قانداق باقىمەن؟—مەن چاقچاق قىلغان بولۇپ شۇنداق جاۋاب بېرەتتىم.

—بىز پۇل يىغىش قىلىپ مائاشىڭىزنى بېرەيلى، نۆۋەتلىشىپ ئۆيىمىزدىن تاماق ئەكېلىپ بېرەيلى.

مەن ئەمدى قانداق جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي قالدىم...

مۇمكىن بولسا ئاتمىش تۆت ئوقۇغۇچىمنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكۈم بار.

كېتىدىغان چاغدا قۇلاق تۈۋۈمدە ئۇلارنىڭ سەمىمىي، مۇڭلۇق يىغا ئاۋازى ياڭرايتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىغىغا تولغان چىرايلارغا بىر ـ بىرلەپ قارىغىنىمدا كۆڭلى ھەممىدىن بەك يېرىم بولغىنى ۋە ھەممىدىن بەك ئازابلانغىنى گاۋ بولدى. بۇ چاغدا ئۆزۈمنى ھەرقانچە قىلسىمۇ تۇتۇۋالالمىدىم. كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىغان خوشلىشىش نۇتۇق سۆزۈم پەقەت گاۋدىن ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ كەچۈرۈم سوراش بولدى.

13 ئوقۇغۇچۇم دىققەتسىزلىكىمدىن تاشلاپ قويغان ئادرېسىمنى بىلىۋېلىپ، ئايرىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ياتىقىمغا ئىزدەپ كەپتۇ. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، نەدىن بىلدىكىن ئۆيۈمگە بارىدىغان يولنى بىلىۋاپتۇ ھەم مەن بىلەن بىللە ئۆيۈمگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، «ماقۇل» دەپ ھەر بىرى بىلەن قول باغلاشتىم.

پراكتىكامنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدى. ئاخىرى ئۇلارمۇ چوڭ بولىدۇ، ئۆزىنى نىقابلاشنى، باشقىلارغا ئېھتىياتچانلىق نەزەرىدە قاراشنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى ساددىلىق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك، ساددىلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تۈنۈگۈن ئۇلارنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتكە «مۇئەللىم، ئارىمىزدىكى ۋەدىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!» دېگەن گەپلا يېزىلىپتۇ. ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا ئالدامچىلىقنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى، بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك، ئەگەر بارلىق ۋەدىلەرگە ئىشەنگىلى بولسا، بارلىق ئارزۇلار ئەمەلگە ئاشسا، ئەگەر بارلىق گۈزەل نەرسىلەر مەڭگۈ يوقالماي ساقلىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا سىز بالىلارغا قايتا يېقىنلاشمىسىڭىزمۇ قەلبىڭىز بالىلارغا ئەگىشىپ ياشىرىۋېرىدۇ...

«مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىزە تۇيغۇن

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت



# ماركا ئېڭى ۋە ئۇيغۇرچە ماركىلار

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

نام — شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەنگە ئوخشاش، ماركىمۇ تاۋارلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولغان. ماركا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەھسۇلى. يىپەك يولى سودىسىنى ئاچقان ۋە ئاۋات قىلغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ماركىسىز قويمىغانلىقى شەكسىز (ئەلۋەتتە ئۇ زامانلاردىكى ماركا ئۇقۇمى ھازىرقىدىن جىق ئاددىي ئىدى). ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان خانىتەلەس، شاھتاۋار (شاتىۋا) قاتارلىق سۆزلەر ئەينى دەۋردىكى ماركا ئېڭىنىڭ ساقىندىسى بولۇشى مۇمكىن.

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى (16 ـ ئەسىرلەردە) تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۆتكەپ سېتىشنى بىر گەۋدە قىلغان ئۇيغۇر سودىسىنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى دۇنيانىڭ يېڭى سودا مەركەزلىرىدىن بىخەۋەر قويغان. نەتىجىدە خەلقئارا بازاردىن ئايرىلغان داڭلىق مەھسۇلاتلىرىمىز يەرلىك مەھسۇلاتقا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ ماركا قويىدىغان سودىگەرلىرىمىز يۆتكەپ ساتار مەھەللىۋى يايمىچىلارغا ئايلانغان. ئەينى چاغدىكى شاھتاۋارلىرىمىز، خانىتەلەسلىرىمىز ئەنە شۇ سەۋەبتىن مەنىسىنى يوقاتقان.

ئىسلاھات بىر مەزگىل ئۇيغۇر سودىسىنى جانلاندۇرغان بولسىمۇ، نەچچە ئەسىرلىك تەپەككۇر نامراتلىقى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى توشۇپ ساتقۇچىلاردىن تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلاندۇرالمىدى. رايونلار ئارا باھا پەرقىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ مەنبەسى قىلغان بۇ سودا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن يۇرتىمىز ئارىسىدا قاتناش قۇلايسىز، ئۇچۇر راۋان بولمىغان دەسلەپكى ئون نەچچە يىلدا گۈللەنگەن، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى باي قىلغان، ئۇيغۇرلاردىن جۇڭگوغا مەشھۇر بايلارمۇ چىققانىدى. ۋەھالەنكى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلمىغان بۇ خىل ۋاقىتلىق جانلىنىش قاتناشنىڭ راۋانلىشىشى، ئۇچۇرنىڭ تېزلىشىشى بىلەن پەس كويغا چۈشتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى سودىگەرلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر



قايسى چوڭ شەهەرلىرىدە كەڭ كۆلەمدە بازار ئېچىشى سەۋەبلىك كىرىزىسقا پاتقان يۆتكەپ سېتىش شەكلىدىكى ئۇيغۇر سودىسى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا يۈزلەندى. ئۇيغۇر سودىسىدا ماركا ئېڭى ئاخىر بىخ ئۇردى.

1993 ـ يىلىدىن كېيىن باشلانغان ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆز مەدەنىيىتى هەققىدە قايتا ئويلىنىش ئۇيغۇر سودىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ دەل ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىشلىگەن تۇنجى چاي «گىلاس»، «زەرەپشان» ۋە «يۇلغۇن»دۇر. دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى دىققەت مەركىزى قىلغان يېڭىچە ئۇيغۇر سودىسى هازىر بۇ ساهەدىن هالقىپ كىيىم ـ كېچەك، گىرىم بۇيۇملىرى، دورا ـ دەرمەك قاتارلىق ساهەلەرگە كېڭەيمەكتە. ئۇيغۇرچە ماركىلارمۇ كۈنسېرى كۆپەيمەكتە.

هازىرقى ئۇيغۇرچە ماركىلار يېقىملىق بولۇش، ئەستە ساقلىماق قولاي بولۇش، ئىستېمالچىلارغا تونۇشلۇق بولۇش قاتارلىق ماركىغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى هازىرلىغان بولۇپ، تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى، يېقىملىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەنلىرى: ئارمان، دەرمان، دىيانەت، ئىخلاس، سالامەت، مىزان، مەهلىيا، مەپتۇن...؛ ئىككىنچى، تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ئاتالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىكلىرى: تەۋپىق، ئىزچىلار، ئوغۇز، كۆكتىكىن، فارابى، مەهمۇدىيە، لوقمان...؛ ئۈچىنچى، تاغ، دەريا، يۇرت ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى: زەرەپشان، تارىم، تۇمەن، كۆنچى، مۇزارت، مىرەن، بۈيۈك تۇران، ئاۋرال، ئاۋات...؛ تۆتىنچى، خەلقىمىز ياقتۇرىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى: رەيهان، چوغلۇق، يۇلغۇن، ئەنجۈر، كەۋسەر، ئوقيا، ئالماس، زۇلپىقار، ئابىهايات، شەبنەم، مۇقام، چەۋەنداز...؛ بەشىنچى، ئادەم ئىسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىرى: ئىدرىس، ئامىنە، ئانارگۈل، پاتەمخان، ئادىل، ئالمەخان.... دېمەك ئۇيغۇرچە ماركىلار يۇقىرىقىدەك جەلپكار سۆزلەر بىلەن ئاتىلىپ بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى ۋە خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. مېنىڭچە بۇ ئۇيغۇر سودىسىنىڭ بىرىنچى قەدىمى هەم ئۇيغۇرچە ماركىلارنىڭمۇ دەسلەپكى ئۇتۇقى. ئەمدى ئۇيغۇر سو-

دىسنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، پۈتۈن مەملىكەت بازارلىرىغا، شۇنداقلا دۇنيا بازىرىغا يۈزلىنىشى كېرەك. بىز بۇلارنى ئويلاشقىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزغا ئۇيغۇرچە ئاشۇ يېقىملىق ماركىلارنىڭ خەنزۇچىسى ۋە لاتىنچىسى كېلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرچە ماركىلارنىڭ خەنزۇچە قانداق ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ باقايلى.

1. مەنىنى تەرجىمە قىلىش. مەسىلەن، يۇلغۇن 红柳، سەردار 统领، ئانا زېمىن 母地، كىرورەن قىزى 罗蓝美女، ئۇلتاش 基石....

2. يېرىم ئاھاڭ، يېرىم مەنىنى تەرجىمە قىلىش. مەسىلەن، ئاق لالە 白莱丽، كۆك بۆرە 蓝博乐 ....

3. ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىش. مەسىلەن: ئارمان 阿尔曼، ئەنجۈر 安居尔، لوقمان 罗克曼، مىزان 美赞 ....

4. تەقلىدىي ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىش. مەسىلەن: ئىزچىلار 安其拉، سالامەت 莎拉美، ئەۋرىشىم 爱维心.

5. لاتىنچە يېزىلىشى بىلەن خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنى بىرلەشتۈرۈش. مەسىلەن: ئابىھايات AB 阿雅提.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خەنزۇچە ماركا قويۇش (哈博)، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل ماركا قويۇش (شەبنەم 西尼雅) قاتارلىق ھادىسىلەرمۇ ئۇيغۇرچە ماركىلارنى خەنزۇچە ئىپادىلەشتە كۆرۈلمەكتە. ئۇيغۇرچە تاۋار ماركىلىرىنى ئىنگلىزچە قانداق ئىپادىلەش تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ھازىرچە ئۇيغۇرچىسى قانداق بولسا لاتىنچە شۇنداق يېزىش ئومۇملاشماقتا.

دۇنيادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى داڭلىق ماركىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرچە ماركىلاردا ئەكس ئەتكەن يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا يەنە مۇنداق ئالاھىدىلىك بار: بىرىنچى، تاۋار ھەققىدىكى ئەقلىي چۈشەنچە ئەكس ئەتكەن بولۇش، ئىككىنچى، تاۋارنىڭ رولى، كۆرۈنۈشى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ھېسسىي ئوبراز گەۋدىلەنگەن بولۇش.

مەسىلەن، دۇنيادىكى داڭلىق كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ماركىسى Windows قا قارىساق ئۇنىڭدا يۇقىرىقى ئىككى ئالاھىدىلىكنىڭ مۇجەسسەم ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. يەنى Windows مەشغۇلات سىستېمىسى Dos ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، Windows دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى بۆلىكى dows دەل Dos بىلەن ئاھاڭداش. بۇ بىزگە تاۋار ھەققىدە ئەقلىي چۈشەنچە بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. Windows دېگەن سۆز ئىنگلىزچىدا، «كۆزنەك» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ بۇ بىزگە خۇددى كۆزنەك ئارقىلىق ئۆيدىنمۇ كەڭرى دۇنيانى كۆرگىلى بولغاندەك، بۇ يېڭى سىستېما ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن، دېگەن مەنىنى ئوبرازلىق ئىشارەتلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇيغۇرچە ماركىلار دۇنياۋى داڭلىق ماركىلارغا ئايلىنىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن مەملىكەتكە يۈزلىنىش ئۈچۈن خەنزۇچە ئىپادىلىنىشكە دىققەت قىلىشى، ئاندىن ئىنگلىزچە يېزىلىش ھەققىدىمۇ ئىزدىنىشى كېرەك. دۇنياۋى داڭلىق ماركىلارنىڭ قويۇلۇش ئالاھىدىلىكىدىن ئۈلگە ئېلىشى كېرەك.

1. ئاھاڭ تەرجىمىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك.

ئۇيغۇرچە تاۋار ماركىلىرىنى خەنزۇچە ئىپادىلىگەندە ئەگەر مەنەن تەرجىمە قىلىنسا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، «يۇلغۇن» دېگەن ماركا ئۇيغۇرلارغا شۇنداق يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. لېكىن تەرجىمە قىلىنسا خەنزۇلارغا ئۇنداق ئاڭلانماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى قۇمۇلۇقتىكى يۇلغۇندىن قۇملۇق باغرىدا ئەلمىساقتىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارلا ھۇزۇرلىنالايدۇ.

2. تەقلىدىي ئاھاڭ تەرجىمە قىلىشنى كۆچەيتىش كېرەك.

ئەگەر ئاھاڭ تەرجىمىگىلا تايىنىدىغان بولساق، ماركا ھەددىدىن زىيادە ئۇزىراپ كېتىشى، يېقىملىق ئاڭلانماسلىقى، ئەستە ساقلاش تەس بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئىلاج قىلىپ خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىدىغان قىلىپ ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت خەتلىك شەكىلدە ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىش كېرەك. مەسىلەن: ئىزچىلار 安其拉 ، سالامەت 莎拉美 ، ئەۋرىشىم 爱维心 ، چۈنكى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەر ئاساسەن ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى ياكى ئۈچ خەتتىن تەشكىل تاپىدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئىسمىمۇ ئاساسەن ئىككى ياكى ئۈچ خەتلىك بولىدۇ. تۆت خەتلىك ئىسىملارمۇ بار، لېكىن كۆپ ئەمەس. شۇڭا ماركىلارنىڭ خەت سانى مۇشۇ دائىرىدە چەكلەنگىنى، ئۇيغۇرچە تاۋۇشلارنى بىرمۇ بىر ئىپادىلەشكە ئۇرۇنماي، خەنزۇچە ئەڭ چىرايلىق خەتلەر بىلەن ئۇيغۇرچە ئاھاڭغا تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ ئىپادىلەنگىنى ياخشى.

3. لاتىنچە ھەرپ بىلەن خەنزۇچە خەتنى قوشۇپ ئاھاڭ تەرجىمە قىلىشنى ئەتراپلىق سىناق قىلىش كېرەك. يېرىم ئاھاڭ يېرىم مەنەن تەرجىمىسىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك

خەنزۇچە بۇنداق ماركىلار خېلى كۆپ. رايونىمىزنى قاپلىغان 里 .A تورتلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇيغۇرچە ماركىلاردىمۇ 阿雅提 AB ، 白美丽 دەك ماركىلارنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ. بۇ، ماركىلارنىڭ قىسقا بولۇش، ئۆزگىچە بولۇش دېگەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدۇ ھەم ماركىلارنىڭ ھەر بىر تاۋۇشنى خەنزۇچە بىر خەت بىلەن يېزىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

4. لاتىنچە يېزىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

ياپونلارنىڭ دۇنياۋى ماركىلىرىغا نەزەر سالساق كۆپىنچىسى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان، لاتىنچە يېزىلىشى ئىنگلىزچە يېزىش قائىدىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار تاۋار ماركىسىنىڭ ئىنگلىزچە ئىپادىلىنىشى ھەققىدە ئويلاشقاندا ياپونچە ماركىلارنىڭ ئىنگلىزچە ئىپادىلىنىشىدىن ئۈلگە ئېلىشقا بولىدۇ.

مېنىڭچە ئۇيغۇرچە تاۋار ماركىلىرىنى لاتىنچە يازغاندا 2000 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بۇ يېزىق بىرقەدەر ئىلمىي بولۇپ، خەلقئارا تاۋۇش بەلگىسى نەزەرگە ئېلىنغان، ئاممىباب يېزىقتۇر. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تاۋارغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل ماركا قويۇش ياكى ئاۋۋال ئىنگلىزچە ماركا قويۇپ ئاندىن ئۇنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مۇۋاپىق شەكىلدە ئىپادىلەشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ. ماركىنى تىزىمغا ئالدۇرغاندا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچىسىنى تەڭلا تىزىملىتىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىكتۇر.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئۇيغۇر سودىسىدىكى ماركىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز ۋە دۇنيادا قانداق شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى خىياللىرىم. ئەلۋەتتە ماركا ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىشتىكى بىر ۋاستە. ئۇنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشى كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق. ماركا ھەر قانچە ئىلمىي، ھەر قانچە دۇنياۋى بولغان بىلەن تاۋار سۈپەتسىز بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ. لېكىن ئىنساندا بىۋاستە تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغىنى شەيئىنىڭ ئىسمى ۋە كۆرۈنۈشى بولغاچقا تاۋارنىڭ سۈپىتىدىن باشقا ئۇنىڭ ماركىسى (ئىسمى)مۇ سودا تاكتىكىسىدا ئالاھىدە ئويلىشىدىغان مەسىلىدۇر.

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد



# يۇمۇرلار



### ئەرز قىلىش

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بازارغا بارماقچى بولۇپ، دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كېمىگە چىقىپتۇ. كېمىگە چىققانلارنىڭ ئىچىدە بىر جۈپ باي ئەر ـ ئايال بولۇپ، ئايالنىڭ بويىدا يەتتە ئايلىق بولغان ھامىلە بار ئىكەن. كېمە بەك قىستاڭ بولغاچقا، دېھقان ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېسىلزادە خانىمنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سېلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېسىلزادە خانىم باشقىلارنىڭ توسۇشىغا پەرۋامۇ قىلماستىن دېھقاننى ئۇرۇپ كېتىپتۇ. كىم بىلسۇن، خانىم دېھقاننى ئۇرغاندا بەك كۈچەپ كەتكەنلىكتىن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئېرى دېھقاننى سۆرىگىنىچە يامۇلغا ئېلىپ بېرىپ، ئامبالغا ئەرز قىپتۇ. ئامبال ئەرزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بايىنى زىيان تارتقان تەرەپ دەپ ھېسابلاپتۇ ـ دە، ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

— سەن بۇ خېنىمنى ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئاش ـ تامىقى ۋە يېتىپ ـ قوپۇشىدىن خەۋەر ئالىسەن ھەم قايتىدىن ئېغىر بوي بولۇپ يەتتە ئايلىق بولغاندا بېگىمگە قايتۇرۇپ بېرىسەن!

### جاۋاب

سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بىرى دەريا قىرغىقىدا پەيدا بولغان بىر ئەرنى كۆرۈپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتىم.

بۇنى ئاڭلىغان ئەر پەرۋاسىزلا جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇنىڭ كۆرەڭلىگۈدەك نېمىسى بار، مانا مەنمۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەنغۇ!

### يوتقان قاتلاش

باشلىق: سەن يوتقىنىڭنى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدەك چىرايلىق قىلىپ قاتلىيالمايسەن؟

ئەسكەر: دوكلات باشلىق، ئۇ ھەربىيلىككە كىرىشتىن ئىلگىرى ماش ئۆيۈتمىسى (دۇفۇ) ياسايتتى. مەن بولسام ھورنان سالاتتىم.

### قورقۇش

بىر بىمار راك بولۇپ قالدىمىكىن، دېگەن ئەندىشىدە دوختۇرغا كۆرۈنۈپتۇ. دوختۇر بىمارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن رېتسېپقا مۇنۇلارنى يېزىپتۇ: «سۆڭەك راك، قان راك، ئۆپكە راك...». بۇنى كۆرگەن بىمار شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپتۇ. دوختۇرلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشىدىن كېيىن تەستە ھوشىغا كەلگەن بىمار ئۈمىدسىزلىنىپ دوختۇردىن سوراپتۇ:

— دوختۇر مەن زادى قانچە خىل راكقا گىرىپتار بوپتىمەن؟

— نېمىدېگەن ئالدىراڭغۇ ئادەمسىز، مەن تېخى يېزىپ بولمىدىم، — دەپتۇ دوختۇر ھەم رېتسېپ يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — قىزىلئۆڭگەچ راكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولىدۇ.

### ئەگىشىش

ئايال ئېرىنى سىرتقا قاراپ قالدى، دەپ گۇمان قىلىپ، بىر شەخسىي رازۋېدچىكنى ئېرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈشكە يالاپتۇ. رازۋېدچىك قايتىپ كېلىپ ئايالغا دوكلات قىلىپتۇ.

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئېرىڭىز ھۆسن تۈزەش ئورنىغا، كېيىم ـ كېچەك ماگىزىنىغا، چايخانىغا باردى.

— جەزملەشتۈرۈمەنكى، ئۇنىڭ چوقۇم باشقا بىر ئىشى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



—ئۇنداق ئەمەس خانىم، ئۇ سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

### رەسىم سېتىش

بىر خېرىدار رەسسامغا دەپتۇ:

—سىزنىڭ بۇ رەسىمىڭىز قىممەت بولسىمۇ، مەن ئۇنى سېتىۋېلىش قارارىغا كەلدىم.

رەسسام:

—بۇ رەسىم ھەرگىز قىممەت ئەمەس. سىز بىلەمسىز مەن بۇ رەسىم ئۈچۈن ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلدىم.

خېرىدار:

—ئون يىل! بۇ مۇمكىن ئەمەس!

رەسسام:

—راستىنلا ئون يىل، مەن ئىككى كۈندە رەسىمنى سىزىپ تۈگەتتىم، قالغان ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە رەسىمنى سېتىش ئۈچۈن خېرىدار كۈتتۈم.

### ئۆزىنى قوغداش

گېنېرال جەڭچىگە:

—يىگىت، پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىدا ئىپادەڭ ناھايىتى ياخشى بولدى، سەن ئىزچىل يېنىمدا مۇھاپىزەتتە بولدۇڭ، رەھمەت ساڭا!—دېدى.

—ئەرزىمەيدۇ گېنېرال، ئەسكەرلىككە ماڭغان چاغدا ئاپام ماڭا «ئوغلۇم ئۇرۇش بولغان ۋاقىتتا چوقۇم گېنېرالنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشتا ناھايىتى ئاز يارىلىنىدۇ، ھەتتا ھېچقانداق خەۋپكىمۇ يولۇقمايدۇ» دېگەنىدى.

### كىم قالتىس

بىر كۈنى ئۈچ ئوغۇل بالا مەكتەپتىن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، كىمنىڭ دادىسىنىڭ ئەڭ قالتىس ئىكەنلىكى ئۈستىدە لاپ ئۇرۇشۇپتۇ:

بىرىنچى بالا:

—مېنىڭ دادام سىلەرنىڭ داداڭلاردىن تېز يۈگۈرەيدۇ. ئۇ توپ ئاتقۇچىنىڭ قولىدىن 90 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە ئېتىلىپ چىققان توپنى مەيداننىڭ يەنە بىر بېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇتۇۋالالايدۇ.

ئىككىنچى بالا:

—ئۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى، مېنىڭ دادام ئوقيانى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئوقنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ نىشانغا سانجىپ قويالايدۇ.

ئۈچىنچى بالا:

—سىلەرنىڭ داداڭلارنىڭ سۈرئىتى مېنىڭ دادامنىڭكىگە يەتمەيدىكەن، مېنىڭ دادام سائەت تۆتتە ئىشتىن چۈشۈپ، سائەت ئۈچ يېرىمدا ئۆيگە كېلىپ بولىدۇ.

### نىكاھتىن ئاجرىشىش

—سىلەر نېمە ئۈچۈن نىكاھتىن ئاجراشماقچى؟

—چۈنكى بىزنىڭ قىزىقىشىمىز تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

—بۇنى تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

—مەن پەقەت ئاياللارغىلا قىزىقىمەن، بىراق ئايالىم ئەرلەرگىلا قىزىقىدۇ.

### مۇكاپات ۋە جازا

بىر ئەما كىشى يول باشلىغۇچى ئىتنى يېتىلىگىنىچە پىيادىلەر يولىنىڭ دوقمۇشىدا يولدىن ئۆتۈشنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. قىزىل چىراغ يېنىپتۇ، ئىت ئورنىدا تۇرۇۋېرىپتۇ. يېشىل چىراغ يېنىپتۇ، بىراق ئىت ئورنىدا يەنىلا مىدىرلىماستىن تۇرۇۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەما كىشى يېنىدىن ئازراق يېمەكلىك چىقىرىپ ئىتقا بېرىپتۇ. بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان بىرسى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئەما كىشىدىن سوراپتۇ:

—ئىتىڭىز ئىشلىمىسىمۇ ئۇنى مۇكاپاتلاۋېرەمسىز؟

—مەن ئۇنىڭ بېشىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى!

### رەسسام

—مەن تۈنۈگۈن رەسىم كۆرگەزمىسىنى كۆردۈم. پەقەت بىردىنبىر كۆرگىلى بولىدىغىنى سىزنىڭ رەسىمىڭىزلا ئىكەن.

—بۇرادەر سىزگە كۆپ رەھمەت، باشقا رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرى قانداقراقكەن؟

—باشقىلارنىڭ رەسىملىرىنىڭ ئالدىدا ئادەملەر مىغ - مىغ بولغاچقا، كۆرۈش مۇمكىن بولماي قالدى.

### ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى كۆرۈش

بىر تاغلىق ياقا يۇرتتىكى موماي تېخى يېقىندىلا سېتىۋالغان تېلېۋىزوردىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئەتىسى قوشنىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

—ياللا! ئاخشامقى تېلېۋىزورنى كۆرۈپ جان - پېنىم چىقىپلا كەتتى، كۆمۈر كولايدىغان بىر نەچچىسىنى ئاسما مايكىچانلا يۈكۈندۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇلارنى ئېتىۋېتەمدىكىن تاڭ! قولىغا تاپانچا ئېلىۋالغان بىرسى قارىغا ئالمايلا بىر ئېتىۋىدى، ئوقنى بىرسىگىمۇ تەگكۈزەلمىدى، ئەييۇھەنناس! شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ كەتكەن يىگىتلەر ھېچنېمىگە قارىماستىن جېنىنىڭ بارىچە بەدەر قېچىشتى، ھەممىلا يەردە مىغ - مىغ ئادەم تۇرسا، ئۇلار نەگىمۇ قېچىپ قۇتۇلالىسۇن دەيسىلەر! ئۇلارنىڭ ئالدىغا تېخى بىر تال ئارغامچا تارتىپ توسۇپ قويۇپتىكەن، قورقۇپ كەتكەن يىگىتلەر ھېچنېمىگە قارىماي ئارقانغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى، تېخى ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۈكۈپ ساقلاپ تۇرغان ئادەم بار ئىكەن، ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرگەن بىرسىنى كاپلا قىلىپ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى، كېيىن ئۇلارنى يەنە قانداق قىينىغانلىقىنى كۆرەلمىدىم...

قەيسەر ئابلىكىم تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

2005.3




## غايىب تۇلپار «شىغا ئايغىر»

كېرىيىنىڭ ئاتچان تاغلىق رايونىدا «شىغا ئايغىر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بولۇپ، ئۇنىڭغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان يەردە ئىككى قىيانىڭ ئارىسىدا قالغان بىر يوچۇق بار. قىيالارنىڭ ئاستىدا پادىچىلار يامغۇر - يېشىندىن پاناھلىنىدىغان ئۆڭكۈرلەر بار.

پادىچىلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ يەردىن بەزىدە يېرىم كېچە ۋە سەھەر ۋاقتىدا بىر ئايغىرنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى كېلىدىكەن. ئەگەر بۇ جايدىن بايتال ئات مىنىپ ئۆتكەندە ھېلىقى ئايغىرنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلانسا بايتال غايىبتىن بوغاز بولىدىكەن ۋە بىر شىغا ① رەڭلىك ئارغىماق تۇغىدىكەن. غايىب تۇلپاردىن تۇغۇلغان بۇ شىغا ئات تۇلپار سۈپەت، ئۇچقۇر ئات بولىدىكەن،

تاغدىكى پېشقەدەملەر غايىبى تۇلپاردىن تۇغۇلغان ئاتنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن بۇ غايىب تۇلپارنى «شىغا ئايغىر» دەپ ئاتىشىدىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندىكى ئۇلۇغلار ئىسلام ئاچقىلى كەلگەندە كېرىيە بۇددىستلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ، ئات بىلەن قېچىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەن ۋە ئېتىنى سېھىر ئارقىلىق غايىب قىلىۋېتىپ ئۆزى ھېلىقى يوچۇقتىن چىقىپ كەتكەنىكەن.

## بويناق تاش

ئاتچان تاغلىق رايونىنىڭ «شۇڭگۇلا» دېگەن كەنتىنىڭ ئېغىزىدىكى كوچىنىڭ ئۇدۇلىدا «تىكىن چوققا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوققا بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يان باغرىدا بىر تاش كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تاشنىڭ ئاستىدىكى تاش ئۈستىدىكى تاشتىن ئون ھەسسە كىچىك بولۇپ، خۇددى غايەت زور بىر موگۇغا ئوخشاش ھازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ تاشنىڭ ئۈستىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى يېقىنقى يىللارغىچە 20m ئەتراپىدا بولۇپ يېرىمىدىن كۆپرەكى سۇنۇپ شۇ تاشنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ قالغان. قانداق قىلىپ شۇنچە چوڭ بىر تاشنىڭ كىچىككىنە بىر تاش ئۈستىدە ئورنىشالىغانلىقى ھەقىقەتەن بىر سىر. شۇ يەرلىك مويسىپىتلارنىڭ دەلىللىشىچە ئىلگىرى بۇ تاش ئۈستىدە كېچىسى چىراغ ياندىكەن.

ھازىر شۇڭگۇلا كەنتى بۇ تاشنىڭ قېشىغا چىقىدىغان يول ياساپ كۆچەت تىكتى ۋە ئەتراپىنى قاشالاپ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا.

---

① شىغا - سۇس قىزىل رەڭ.

## موللا كېپەك كۆلى

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شۋول يېزىسىدا «موللا كېپەك كۆلى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭ كۆل بولۇپ، بۇ كۆل ياپيېشىل قومۇشلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، ھەيۋەتلىك قىرى توغراقلار گىرەلىشىپ كەتكەن، كىشىگە تىلسىمات تۇيغۇسى بېرىدىغان گۈزەل بىر سەيلىگاھتۇر.

ئەزەلدىنلا يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن «تېگى يوق كۆل»، «دەم تارتقۇ كۆلى»، «موللا كېپەك كۆلى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كۆل «داۋزا تۈگمىنى» دەپ ئاتالمىدىغان چوڭ يارلىقنىڭ جەنۇبىدىكى «باشكۆل» ناملىق كۆلدىن باشلىنىپ، بۇلاق سۈيى ۋە يەر ئاستى سىزىندى سۇلىرى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان.

بۇ كۆلنىڭ نامى توغرۇلۇق خەلق ئارىسىدا مۇنداق گەپلەر بار:

كېرىيىنىڭ شۋول يېزىسىدا «موللا كېپەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، بۇ كىشى «تېگى يوق كۆل»دىن چىڭقى چۈش ۋاقتىدىن كۈن پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۈزۈپ ئۆتۈش توغرىسىدا شۇ يۇرتتىكى بىر باي بىلەن ئەگەر جابدۇقلۇق بىر دانە ئاتتىن دو تىكىشىپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا كۆلنىڭ دائىرىسى ھازىرقىدىن خېلىلا چوڭ بولۇپ، كۆلدىن ئۈزۈپ ئۆتۈش ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن موللا كېپەك دېگەن كىشى ئېغىزىنى ئاچمىغان چوڭ قاپاقتىن تۆتىنى ئىككى بىقىنىغا ۋە دۈمبىسىگە تېڭىپ كۆلگە چۈشىدۇ. بۇ ئەسراغا قىزىققان نۇرغۇن كىشى شاھىت بولۇپ كۆل قىرغىقىدا قاراپ تۇرۇشىپتۇ. موللا كېپەك ئۈزۈپ، قارشى قىرغاققا يېقىنلاشقاندا بىردىنلا كۆل سۈيى دولقۇنلاپ چايقىلىپ، ئاتنىڭ يايلىغا ئوخشاش يايلى بار قارا، ئۇزۇن بىر مەخلۇقنىڭ گەۋدىسى كۆرۈنۈپ، موللا كېپەكنى سۇ ئاستىغا سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىپتۇ. موللا كېپەك شۇ يوقالغىنىچە غايىب بولۇپتۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇ كۆل «تېگى يوق كۆل»، «دەم تارتقۇ كۆلى» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىپ، كېيىنچە «موللا كېپەك كۆلى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

«موللا كېپەك كۆلى» بويىدا تۈگمەن ماڭدۇرىدىغان ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر نەچچە يىل بۇرۇن بىر دانە موزاينىڭ كۆل لېۋىدە سۇ ئىچىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز كۆل سۈيى لەپىلدەشىپ، بىر يايلى بار، ئۇزۇن مەخلۇقنىڭ ئېتىلىپ چىقىپلا موزاينى سۆرەپ ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى، يەنە بىر كۈنى تۇيۇقسىز كۆل سۈيىنىڭ دولقۇنلاپ، تۈگمەنگە سۇ كىرىپ كەتكەنلىكىنى، كېچىلىرى كۆلدىن غەلىتە ئاۋاز، غەلىتە ھۆركىرەشلەرنىڭ ئاڭلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن.

شۇنىڭدىن تاھازىرغىچە كىشىلەر «بۇ كۆلدە دەم تارتقۇ بار» دەپ قارايدۇ. يېقىندا بۇ كۆلگە ناھىيە تەرىپىدىن «ئەجدىھا كۆلى» دەپ نام بېرىلدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەتتۇرسۇن قاسىم (خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە)

توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم ياغ (شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق تولۇق كۇرس مۇزىكا سىنىپى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

## ئىتمۇ ئۇخلاپ قالىدىكەن

سادىرنىڭ يۇرتلۇقلىرىدىن بىرىنىڭ بەك يامان بىر ئىتى بار ئىكەن. ئۇ دائىم «مېنىڭ ئىتىم قىل قىمىرلىسا سېزىدىغان، مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى بولسۇن يات كىشىنى پەقەت ھويلىغا كىرگۈزمەيدۇ، بۇنىڭ خاسىيىتىدىن قورۇدىن يىپ ـ يىڭنىمىزمۇ يىتۈپ باقمىدى» دەپ كۆرەڭلەپ كىشىگە داڭلايدىكەن.

بىر كۈنى سادىرغىمۇ ئىتنى ئېغىزى تالغىچە ماختاپ بېرىپتۇ. سادىر ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدىن كۈلۈپ:

ــ مەن سىلەرنىڭ قورۇغا تۈيدۈرماي كىرسەم قانداق قىلىسەن؟ ــ دەپتىكەن، ماختانغۇچى:

ــ قورۇدا نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ چىقىپ كەت، ــ دەپتۇ.

سادىر بىر كۈنى كېچىدە راسا يوغان بىر سېۋەت توقۇپ ئىچىگە گۆش تاشلاپتۇ. ئەلياتقۇ مەزگىلى بولغاندا، سېۋەتنى ئېلىپ، ھېلىقى ماختانچاقنىڭ ئىتىنىڭ تۇۋىگە بېرىپتۇ. سېۋەتنى دەرەخنىڭ شېخىغا ئېلىنغان ئارغامچىغا

باغلاپ، تامدىن ئارتىلدۇرۇپ قورۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. گۆشنىڭ پۇرىقىنى سەزگەن ھېلىقى «يامان» ئىت كېلىپ، سېۋەتنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، ھەدەپ گۆشنى يېگىلى باشلاپتۇ. بۇنى بايقىغان سادىر شاپپىدە ئارقاننى تارتقان ئىكەن. ئىت سېۋەت بىلەن بىللىلا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى دەرەخنىڭ تۈۋىگە باغلاپ قويۇپتۇ، ئىت سېۋەت بىلەن بىللە ئېسىلىپ قاپتۇ.

سادىر قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسە، تازا سېمىز بىر توپاق كۆشەپ ياتقانىكەن. سادىر باشقا نەرسىلەرگە تەگمەي، يالغۇز توپاقنى يېتەكلەپ ئۆيگە ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى كوچىغا چىقىپ بايقىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ماختانچاق ھەر كىمگە «بۈگۈن كېچە مېنىڭ بىر توپىقىمنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ» دەپ يۈرگۈدەك. سادىر بۇنى ئاڭلاپ ئاتايىن ئۇنى ئىزدەپ بارغانىكەن، سادىرغىمۇ توپاقنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىپتۇ. سادىر چىدىماستىن:

— سېنىڭ يىپ - يىڭنىمۇ ئالدۇرمايدىغان خاسىيەتلىك ئىتىڭ بار ئىدىغۇ، يەنە قانداق توپىقىڭنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئىتىمۇ ئۇخلاپ قالىدىكەن — دەپتۇ.

— بۇنى ياخشى ئېيتتىڭ — دەپتۇ سادىر — ئىت دېگەن ئۇخلاپمۇ قالىدۇ، ئالدىنىپمۇ قالىدۇ، توپىقىڭ بىزنىڭ ئۆيدە، بېرىپ ئەكېلىۋال.

# ئاق ئۆستەڭ رىۋايىتى①

ئىلگىرى غۇلجىدىكى دېھقانلار تاغ سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن پايانسىز يەر بۇزۇلۇپ تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن دېھقانلارنىڭ ئىچى پۇشىدىكەن. شۇ يوسۇندا خېلى كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ. بىراق، ئۇلار ئارمىنىغا يېتەلمەي يۈرۈپتۇ. كېيىن ئۇلار قاش دەرياسىدىن توپتوغرا كۈنپېتىشقا قارىتىپ، بوزىرىپ تۇرغان يەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى بويلىتىپ بىر ئۆستەڭ ئالماقچى بوپتۇ. چورۇق ھېكىم دېگەن كىشى بۇ ئۆستەڭنى قەيەردىن باشلاپ، قەيەرگە ئاپىرىشنى، قانداق چېپىشنى سىزىپ بېرىپتۇ. دېھقانلار چورۇق ھېكىمنىڭ سىزىقىدىن قىل نېرى، قىل بېرى كەتمەي ئۆستەڭنى چېپىۋېرىپتۇ. ئۆستەڭ 1825 - يىلى چېپىلىپ بوپتۇ.

ئۆستەڭ پۈتۈپ، تومنى ئېچىپ سۇ باشلاش ۋاقتى كەلگەندە، دەريا بويىغا كېلىپ، پەستە كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان قاش سۈيىنى كۆرگەن بىرى:

— بۇ بىر ئەخمەقلىق، ئويماندىن دۆڭگە سۇ باشلىغان نەدە بار؟ نەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ئەجرە بىكار كېتىدىغان بوپتۇ - دە، ئەستاغپۇرۇللا، — دەپ ساقىلىنى سىيپاپتۇ. گەپنىڭ ئاچچىقلىقىدىن زەردىسى قايناپ كەتكەن چورۇق ھېكىم:

— تەقسىر، سۇ قانچىلىك يەردىن دوملاپ چۈشسە شۇنچىلىك يەرگە دوملاپ بارالايدۇ. بۇنى ئۆز ئۆمرىدە بىرەر قېتىم غول ئېرىقنى ياقىلاپ باقمىغان ئادەم نەدىن بىلىدۇ، — دەپتۇ - دە، ھېلىقى كىشىگە كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۆستەڭ چاپقانلارنى باشلاپ ئۆستەڭنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ، تومنى ئاچتۇرۇپتۇ. سۇ ئۆستەڭگە چۈشۈپ، غۇرقىراپ ئېقىپتۇ. ئۆستەڭنىڭ قىرىدا تۇرغان كىشىلەر قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. كىشىلەر: «ئاق - ئۆستىڭىم ئاق»، «ئاق - ئۆستىڭىم، ئاق» دەپ ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرىنى بويلاپ سۇ بىلەن تەڭ توختىماي يۈگۈرۈپتۇ. سۇ قەرەلگە يەتكۈچە «ئاق - ئۆستىڭىم، ئاق» «ئاق - ئۆستىڭىم، ئاق» دېگەن سادا زادىلا توختىماپتۇ، ئۆستەڭگە باشلانغان ئۇلۇغ سۇ قاش دەرياسىدىن چىقىپ تاكى سۈيدۇڭ - كورەگەنچە راۋان ئېقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۆستەڭ چاپقانلار خۇشال بوپتۇ. «ئۆستەڭگە سۇ چىقمايدۇ» دېگۈچى يەرگە قاراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك «ئەجرىمىز زايە كەتمەي ئۆستەڭدە سۇ ئاقتى»، «تىلىكىمىز ئەمەلگە ئاشتى» دەپ ئۆستەڭگە «ئاق ئۆستەڭ» دېگەن ئىسىم قويۇپتۇ.

ئىزاھات:

① ئاق ئۆستەڭ — ئاق ئۆستەڭ 1825 - يىلى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن چېپىلغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 98 كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، قاش دەرياسىدىن باشلىنىپ، غۇلجا ناھىيە، غۇلجا شەھىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ قورغاس ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى كورەگە قەدەر سوزۇلىدۇ. بۇ جايلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاق ئۆستەڭ كۆلەم جەھەتتىن غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ ئۆستەڭلەرنىڭ بىرسى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تېيىپجان ھادى
توپلىغۇچى: تۇرسۇن زىرىدىن
مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

www.uyghurkitap.com





# ئەگرىنىڭ زىيارىتى

بالىلار چۆچەكلىرىدە ئەرش تەڭرىسى ناھايىتى ئەقىللىق دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەرش تەڭرىسى ئىنسانلار ئارىسىغا سەيلىگە چۈشۈپ چارچاپ كەتكەنلىكتىن پاناھلىق جاي ئىزدەپ ھاردۇق ئالماقچى بولىدۇ. ئۇ يول بويىدىكى ئىككى ئۆينى كۆرۈپتۇ. قارىغىدەك بولسا، بۇ ئۆينىڭ بىرسى ھەم چوڭ، ھەم ھەشەمەتلىك بولۇپ باينىڭ ئۆيىكەن. يەنە بىرى، ھەم كىچىك، ھەم كونا بولۇپ نامراتنىڭ ئۆيىكەن. ئەرش تەڭرىسى ھېلىقى باينىڭ ئۆيىدە قونۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ھېلىقى باي دېرىزىسىدىن قاراپ ئەرش تەڭرىسىنىڭ ئاۋارە تۇرقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا باشقا يەرگە بېرىپ پاناھلىنىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەرش تەڭرىسى ئاخىر ھېلىقى نامراتنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ئۇ نامرات ئىشىكنى ئېچىپ ئەرش تەڭرىسىنى ئۆيىگە باشلاپ ئېسىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپتۇ ھەم كەچتە ياتىدىغان جايىنى ئەرش تەڭرىسىگە بېرىپ ئۆزى پاخال ئۈستىدە ئۇخلاپتۇ.

بۇ ئىشتىن ئەرش تەڭرىسى ئۆزىنىڭ ئادىللىق قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھېلىقى باينى نامراتقا، نامراتنى بايغا ئايلاندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئەرش تەڭرىسى جەننەتكە قايتقاندىن كېيىن ئۆزى «بىۋاستە قول سېلىپ» زېمىندىكى بايلاردىن باجنى كۆپلەپ يىغىش، گۇناھ ئارتىش، ئۆي كۆچۈرۈش، جەرىمانە قويۇش قاتارلىق بەدەللەرنى تۆلىتىپ ئائىلە ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىپ نامراتلارغا ئايلاندۇرۇپتۇ. نەتىجىدە، بارلىق بايلار نامراتلارغا ئايلىنىپتۇ. ئەكسىچە، نامراتلار مۇكاپاتلىنىپ كۆپ بايلىققا ئېرىشىپ بايلارغا ئايلىنىپتۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەرش تەڭرىسى يەنە ئىنسانلار ئارىسىغا چۈشۈپ ھېلىقى يېڭى بايلارنىڭ ئۆزىنى قانداق كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئوخشاشلا يەنە ھېلىقىدەك چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك، كىچىك ھەم كونا ئىككى ئۆي كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ كونىسىدا بۇرۇنقى باي، يېڭىسىدا بۇرۇنقى نامرات ئولتۇرغانىكەن. ئەرش تەڭرىسى بۇرۇنقى نامراتنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ئۇ يېڭى باي دېرىزىسىدىن قاراپ ئەرش تەڭرىسىنىڭ ئاۋارە تۇرقىنى كۆرۈپ ئىشىكنى ئاچماپتۇ ۋە باشقا جايغا بېرىپ پاناھلىق ئىزدەشنى بۇيرۇپتۇ. ئەرش تەڭرىسى ھېلىقى يېڭى نامراتنىڭ ئىشىكىنى چەككەنىكەن، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئەرش تەڭرىسىنى ئۆيىگە باشلاپ ئېسىل نازۇ

نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ ۋە ئۆزى ياتىدىغان جاينى ئەرش تەگرىسگە بېرىپ ئۆزى پاخال ئۈستىدە ئۇخلاپتۇ.

ئەرش تەگرىسى قاتتىق ئاچچىقلىنىپتۇ. ئۇ جەننەتكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزى «بىۋاستە قول سېلىپ» يەنە بۇرۇنقىدەكلا بارلىق بايلارنى نامراتقا، نامراتلارنى بايلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئىنسانلار ئارىسىغا كەلگەندە نەتىجە يەنە بۇرۇنقىدەك بولۇپ چىقىپتۇ. ئەرش تەگرىسى بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ: ھەي! مۇشۇ پۇل دېگەن نەرسە ـ ھە! دەپ خۇرسىنىپتۇ. چۆچەكنى ئوقۇغان بالىلار ئەرش تەگرىسىنىڭ خۇرسىنىشىغا قايىل بولماپتۇ. ئۇلارچە بولغاندا بارلىق سەۋەب پۇلدا ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدە ئىكەن.

ئەرش تەگرىسى پەقەت چۆچەكتىلا ئەمەس، مۇشۇ رېئاللىقتىمۇ سىزنىڭ ئىشىكىڭىزنى چېكىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئەرش تەگرىسىنى بىزنى بايدىن نامراتقا ياكى نامراتتىن بايغا ۋە ياكى باشقا نەرسىگە ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، دەپ ھۆددە قىلالمايمىز. سىزنىڭچىمۇ شۇنداقمۇ؟

شاۋمۇسىن ئىمزالىق بۇ ئەسەر «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇتجان يانتاق

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى

# ئىككى بېخىل

بۇرۇنقى زاماندا ساقى، باقى دېگەن ئىككى بېخىل كىشى ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككىسى سودا ئىشى بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. ساقىنىڭ باقىدىن ئالىدىغان بىر تەڭگە پۇلى بار ئىكەن، ساقىنىڭ شۇ بىر تەڭگە پۇلى ئۈچۈن زادى ئۈيقىسى كەلمەپتۇ. باقى نائىنساپلىق قىلىپ بۈگۈن ـ ئەتە قىلىپ تەڭگىنى ئۈچ ـ تۆت يىلغا سۇرۇپ كەپتۇ.

باقى بولسا قەستەن مۇتىھەملىك قىلىپ ساقىنىڭ پۇلىنى بەرمەيدىغانلىقىنى قازىنىنى ئېسىپتۇ ۋە بىر كۈنى باللىرىنى چاقىرىپ:

بۈگۈن ساقى قەرزنى سۈيلەپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر ساقى كېلىپ ئىشىكنى قېقىشقا مېنى ئۆلدى، دەپ يۈزۈمنى يېپىپ، ۋاي ـداد دەپ ئۈنلۈك يىغلاپ ئالدىغا چىقىڭلار، ئۈنى ئۇزاق تۇرغۇزماي يولغا سېلىڭلار ـــ دەپتۇ.

راست دېگەندەك ئىككىنچى كۈنى ساقى يېتىپ كېلىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ. باقىنىڭ باللىرى دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە باقىنىڭ يۈزىنى يېپىپ قويۇپ، ساقىنىڭ ئالدىغا ھازا تۇتۇپ يىغلاپ چىقىپتۇ. ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن ساقى:

ـــ باللىرىم، داداڭلار مېنىڭ ئىككى دۇنيالىق قەدىناس بۇرادىرىم بولىدۇ. رەھمەتلىك ھايات چېغىمدا مەن بىلەن ئىككىمىزدىن قايسىمىز ئالەمدىن ئۆتسەك، بىر ـ بىرىمىزنى يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىككە قويايلى، دەپ ۋەدە قىلىشقان. قىلغان ۋەدىمىزنى بەجا كەلتۈرمىسەك، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان بولماي كېتەيلى دېيىشكەن، ـــ دەپتۇ ـ دە، باللارغا سۇ ئىسسىتىشنى بۇيرۇپتۇ. باللار دەرھال سۇ ئىسسىتىپتۇ. ساقى بولسا، ـــ بۇ سۆيۈگلەر داداڭلارنىڭ گۇناھىنى ئېرىتەلمەيدۇ. داداڭلار بولسا ياشانغان ئادەم، ئۆزۈم ئىسسىتاي، ـــ دەپ ھەدەپ ئوتنى قالىغىلى تۇرۇپتۇ ۋە سۇنى تازا قاينىتىپ ياتقان باقىنىڭ ئۈستىگە شۇنداق سەپكەن ئىكەن، باقى ئاغرىققا چىدىيالماي «ۋايجان» دەپ ۋارقىراپ سايتۇ. ساقى دەرھال قەرزنى بېرىشنى ئېيتىپتۇ. باقى يەنە دەرھال كۆزىنى يۇمۇۋاپتۇ. ئەمما باقىنىڭ پۈتۈن تېرىسىنىڭ بىر قېتى سويۇلۇپ كېتىپتۇ. ساقى باقىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ باقىنى يەرلىككە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپتۇ ۋە ئاش ـناننى ئاپىرتۇپلىپ يەپ ـ ئىچىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، باقىنىڭ قورسىقى تازا ئېچىپتۇ ۋە يەرلىكتىن بېشىنى ھەر بىر چىقارغاندا باقى «پۇلۇمنى بەرمەمسەن؟!» دېيىشكە يەنە يېتىۋالغۇدەك. شۇنداق قىلىپ، تۆتىنچى كۈنى يۇقىرى يېنىدىن تۇمان قاينىتىپ 15 ئاتلىق ئادەم يېتىپ كەپتۇ. بۇ غەلۋىدىن قورققان باقى يەرلىكتىن قوپۇپ قېچىپتۇ. ساقى بولسا باقىنىڭ كەينىدىن قېچىپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن ئاتلىقلار بۇلار ئوغرىلار ئوخشايدۇ، دەپ ئىككىسىنى تۇتۇپ كانىينى سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ باقىنىڭ باللىرى كېلىپ بۇ ئىككىسىنى دادىسىنىڭ يەرلىكىگە قويۇپتۇ. باللارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، تاكى ھازىرغا قەدەر پۇل توغرىسىدا گەپ تاكاللاشقان ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك بولارمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شەپقەت ئابدۇرېھىم

توپلىغۇچى: ناسىر قادىر

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئېشەكنىڭ دەردى





ھا ـ ھا ـ ئىھا ـ ئىھا ـ ھا...

ــ ۋايجان، نېمانچىلا ۋارقىرايسەن؟ ئادەمنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ ــ قوچقارجان ئېشەكنىڭ ھەم ئۇنلۇك، ھەم سوزۇق ئاۋازدا ھاڭرىشىدىن تېرىكىپ شۇنداق دەپتۇ. ئېشەك بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

ــ ۋاي ئۇكا دەرد دېگىنە، دەرد دېگەن ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاشۇنداق يۇقىرىلىتىۋېتىدىكەن. قوچقارجان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىچىدە «سەتىنىڭ ھالى چوڭ دەپ، تېخى ماۋۇنىڭ نېمە دەردى بولغىيدى» دەپ ئويلىدى ۋە:

ــ ئۆزۈڭگە بېقىپراق سۆزلىمەمسەن ئاكا، ئەتىگەن ئىگىمىز ئورنىدىن تۇرماستا ھاڭرىغىلى تۇرىسەن، يۇمىلانمىسام بولمايتتى، دەپ ھويلىنى توپا ـ چاڭغا كۆمىسەن، مەينەتلىكىڭنى بىر دېمەي، تېخى سۇنى كۆرسەڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىۋېلىپ ئىزا تارتماي سىيىسەن، بۇ نېمە قىلىق ئەمدى؟ ــ دېدى. ئېشەك بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر ھازا گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن، ــ ئەسلىدە ھېچكىمگە ئېيتمىغان بىر سىرىم بار ئىدى، ساڭا ئېيتىپ بېرەي. مېنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنىپ قالارسەن، ئاڭلاپ تۇر. مەن ئەسلىدە شۇنداق بىر جانىۋار ئىدىمكى، ئۇستۇمدە ئەپچىلگىنە بىر جۈپ قانات، يەردە خۇشال ئوينىسام، كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان، ھەممە جانلىقلار ھۆرمەت ۋە ھەۋەس قىلىدىغان بىر ھايۋان ئىدىم. كىشىلەر مېنى ھاماقەتلەرگە ئوخشاتماستىن ئېشەك بولۇپ قالغان بولساق دەپ ئارمان قىلىشاتتى. شۇ مەزگىلدە يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن تاپان بېلىق: ئاداش قانىتىڭنى بېرىپ تۇرساڭ، بىردەم ئوينىۋېلىپ ئەپچىقىپ بېرەي دېدى. قانىتىمنى بېرىپتىمەن. كاساپەت سۇنىڭ تېگىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمىدى. مېنى ئالداپ، داغدا قويدى. مەن نەچچە يۈز يىل قانىتىمنى ئەپچىقىپ بېرەر دەپ ساقلىدىم. بىراق ئۇ نائەھلىلىكىنى قىلدى. ئەسلىدە مېنىڭ دوستقا بولغان زىيادە سادىق، ۋاپادارلىقىمدىن كەتتى. شۇنىڭدىن بېرى قەيەردە سۇ كۆرسەم سىيدىم، ھەتتا كۆۋرۈك ئۈستىدە ماڭسامۇ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئاشۇ بېلىق دېگەن ھاراملىقنىڭ بېشىغا بىرنى سىيىۋېتىپ ماڭاي دەپ ماڭغىلى ئۇنىماي، ھېچنېمىگە قارىماي سىيىۋېتىپ ئاندىن ماڭدىم. ئەسلىدە ئۆملەپلا يۈرۈيدىغان بىر بېلىق مېنى ئالداپ ئانىي تاپقاندىن كېيىن ئادەم تۇگۇل چۈمۈلىنىڭمۇ مېنى بوزەك قىلغۇسى كېلىدىغاندەك، بولۇپمۇ ئادەملەر خالىسا ئۇردى، خالىسا تىللىدى، مىندى، ھارۋىغا قاتتى، ساپان سۆرەتتى.

مەنمۇ سەۋر قىلدىم. ئاتتەك يەم خىللىمىدىم، كالىدەك كۆپ يەۋالمىدىم. كالا قىلالمىغان ئىشنى قىلدىم، ئات چىدىيالمىغان جاپالارغا چىدىدىم. ئىشقىلىپ، مېنى بەكلا خارلاشتى. مېنىڭ ئاشۇ سادىدىلىقىم. ئۇكام قوچقارجان، بۇ دەردلەرگە مەن نــېمـە دەي، قانداق چىداي ـ ھا ـ ھا ـ ئىھا ـ ئىھا ـ ھا ـ ھا...

قوچقارجان ئېشەكنىڭ بۇ دەردلىرىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

توپلىغۇچى: **ھىممەت ياسىن** (قارىقاش ناھىيە ئۈچى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

**مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى**

# بالىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋالايلى



2003 ـ يىلى كۈزدە ئامېرىكىدىكى سىتېۋېنسون باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بالىلار تەييارلىغان نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. ئاتا ـ ئانىلار تۆۋەندە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ نومۇرلىرىنى كۆردى. مەيداندا زادىلا يىغلىق يوق ئىدى. ئەمما ماڭا يىغلىق بولۇپ تۇيۇلغىنى پەقەتلا سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېسىلغان چوڭ رەسىملەر بولدى. ئۇنىڭغا ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىتىلغان:

«ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش، ياخشى نام، بۇرچ، ئادالەت، كەڭ قورساقلىق، سەممىيەت، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، پۇقرالىق ئېڭى، رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ــ مانا بۇ بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان بارلىقىمىزدۇر» دېگەن بىلدۈرگۈسى يېزىلغانىدى.

مەكتەپ ۋاشىنگتون شتاتى رېدمون شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى قاتمۇقات تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، سىنىپلارنىڭ ئىچىگە «مەكتەپ ــ خۇشاللىق دېمەكتۇر»، «ئۆگىنىشتىن ھۇزۇرلىنىڭ»، «ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىڭ» دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلەر چاپلانغان، كارىدورغا بەزى بالىلارنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى ئېسىلغان بولۇپ، سۈرەتنىڭ يېنىغا مۇئەللىملەرنىڭ ماختاش سۆزلىرى يېزىلغانىكەن. مەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەۋاتقانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجە كۆرسەتكۈچىنى ئۇچراتمىدىم. بۇ ئەھۋال ماڭا ئېلىمىزدىكى مەكتەپلەرنى، چاڭچۈن شەھەرلىك 53 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 14 ياشلىق ئوقۇغۇچىسى جۇ شياۋشۈنى ئەسلىتىپ قويدى. بۇ چىرايلىق، ئەقىللىق، تىرىشچان، پەزىلەتلىك، ئەلاچى قىز 2003 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە تۇيۇقسىزلا بېشى قايغاندەك بولۇپ

ئايلىنىپ كېتىپ، سەككىز كۈنگىچە ھوشىغا كەلمەي داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن.

دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا قويغان: «ئۇزاق مەزگىللىك زىيادە چارچاش ۋە روھىي بېسىم مېڭە قان تومۇرىنى بىنورماللاشتۇرۇپ، مېڭە قان تومۇرى ئارتېرىيىسىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېگەن دىئاگنوزى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. دېمەك، ئۇ زىيادە ھېرىپ ـ چارچاش تۈپەيلىدىن ئۆلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئەسلىمىسى دوختۇرنىڭ قويغان دىئاگنوزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شياۋشۇ سەككىز يېشىدا ئوقۇشقا كىرگەن، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 4 دىن ئاشقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، كەچ سائەت 10 دىن ئاشقاندا ئاندىن ئۇخلىغان، ئۇ ئۆزىنىڭ ئويغاق ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆگىنىش قىلىشقا سەرپ ئەتكەن. بەلگىلەنگەن دەرسلەرنى ئۆگەنگەندىن باشقا يەنە كېيىنكى مەۋسۇملۇق دەرسلەرنىمۇ ئۆگەنگەن، مۇزىكا، ھۆسنخەت، رەسىم سىزىشنى مەشىق قىلغان.

«شەھەر كەچلىك گېزىتى»نىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، شياۋشۇ ھەتتا يازلىق تەتىلدىمۇ ئارام ئالمىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ مۇخبىر ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەھۋال ئىگىلىگىلى بارغاندا، ئۇنىڭ يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا چاپلانغان بىر پارچە «تەتىل پىلانى»نى كۆرگەن، بۇ «تەتىل پىلانى»غا مۇنۇلار يېزىلغانىكەن:

ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6:30 دا ئورنۇمدىن تۇرىمەن.

8:00 دىن—11:00 غىچە تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن.

چۈشتىن كېيىن سائەت 1:00 دىن 2:00 گىچە «ماتېماتىكا ئىقتىدار مەشىقى»نى ئىشلەيمەن.

سائەت 2:00 دىن 2:30 غىچە تولۇقسىز 1 ـ يىللىقنىڭ كېيىنكى مەۋسۇملۇق ئىنگلىز تىلىنى ئالدىن تەكرار قىلىمەن.

سائەت 2:30 دىن 3:00 كىچە «مەشھۇر ئەسەرلەر كۆرسەتمە ئوقۇشلۇقى»نى ئوقۇيمەن.

سائەت 3:00تىن 4:00كىچە دەرستىن سىرتقى كىتابلارنى ئوقۇيمەن.

ھەر كۈنى بىر پارچە كلاسسىك شېئىرنى يادقا ئالىمەن.

ھەر كۈنى «خەيدىڭ ئالتۇن مېدالى»دىن بىرنى ئىشلەيمەن.

ھەر كۈنى خۇشخەت مەشقى قىلىمەن.

ھەر كۈنى ماتېماتىكا ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى «دەرسخانا يېڭى تەپەككۇرى»نى ئىشلەيمەن.

ھەر ھەپتىدە بىر پارچە ماقالە، ئىنگلىز تىلىدىمۇ بىر پارچە ماقالە يازىمەن.

شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى «نىشان ئىنگلىز تىلى»نى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىمەن.

ئېھتىمال شياۋشۇنىڭ ئۆلۈمىنى پۈتۈنلەي «زىيادە چارچاش» ۋە «روھىي بېسىم» تۈپەيلىدىن بولغان دېگىلى بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بۇ تراگېدىيە بەلەن بالىنىڭ ئۆگىنىشى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تولۇق دەلىل ـ ئىسپات بار. ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق پىلان تۈزۈپ چىقىشىغا زادى نېمە سەۋەب بولغان؟ بىز بۇ سوئالغا ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن ئېنىق جاۋاب تاپالايمىز. ئۇ 2002 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئىمتىھانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇ شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 3:00 تە ئويغىنىپ كېتىپ زادىلا ئۇخلىيالماي كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «ئىمتىھانىنى قانداقراق بېرەلەيدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ناھايىتى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن» دەپ يازغان.

ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى: «گەرچە مەن سىنىپ بويىچە 3 ـ بولغان بولساممۇ، ئەمما نەتىجەم 1 ـ ، 2 ـ بولغانلارنىڭكىگە قارىغاندا يەنىلا كۆپ ناچار... بىرىنچى بولغان ساۋاقداشلارنى ئۆزۈمگە نىشان قىلىمەن. مەن چوقۇم غەيرەت قىلىشىم، تېخىمۇ بەكرەك غەيرەت قىلىشىم كېرەك!» دەپ يازغان.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە: «مۇئەللىم مەكتىپىمىزدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان 400 نەپەر ساۋاقداشنىڭ ئىسمىلىكىنى سىنىپىمىزنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويدى. سىنىپىمىزدىكى 1 ـ ، 2 ـ بولغان ساۋاقداشلار

ئالدىنقى قاتاردىكى 50 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىگە كىرەلەپتۇ. مەن بولسام ئاران ئالدىنقى قاتاردىكى 100 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىگە كىرىپتىمەن. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، مەن چوقۇم ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشقا بەل باغلايمەن» دەپ يېزىپتۇ.

بىز ئۇنىڭ ھېلىقى «تەتىل پىلانى»غا ئىنچىكە سەپسېلىپ يەنە مەنىسى چوڭقۇر بولغان بەزى ئالامەتلەرنى بايقىدۇق. يەنى، شياۋشۇ ناھايىتى ئوماق بىر قىزچاقنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىققانىكەن، روشەنكى، بۇ قىزچاق ئۇنىڭ دەل ئۆزى. رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە دانىمۇ دانە قىلىپ «ئۆزۈڭنى يەڭ»، «ئۇتۇق قازان» دەپ يېزىلغان بولۇپ، قىزچاقنىڭ بىر جۈپ سەبىي كۆزى «مەڭگۈ غەلىبە قىل» دېگەن خەتلەرگە تىكىلگەنىكەن. شياۋشۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە ئاشۇ قەسەم (ۋەدە)لەرنىڭ بىزدە قالدۇرغان تەسىرى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن قېلىشمايتتى.

2003 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلىمىزنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى، يەنى شياۋشۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە توپتوغرا ئالتە ئاي 17 كۈن بولغان كۈنى ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شتاتىدىكى ستېۋېنسۇن باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. يول بويى كاللامغا بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز ۋە بىزنىڭ بالىلىرىمىز كىرىۋالدى. مەن ئامېرىكىدىكى بالىلارنىڭ ماددىي جەھەتتىكى تۇرمۇشىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدىم، بىراق ئۇلارنىڭ مەكتەپنى خۇشال ـ خۇراملىق دەپ بىلىدىغانلىقىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ تامغا چاپلىنىشىدىن ئەزەلدىن غەم ـ ئەندىشە قىلمايدىغانلىقىغا تولىمۇ زوقۇم كەلدى.

باللىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋالايلى! ئۇلارنى چۈشەپ قويمايلى! ھېچبولمىغاندا ئۇلارغا چوڭلار تەلپۈنىدىغان مائارىپ نىشانى ۋە مائارىپ مەدەنىيتى بىلەن بېسىم قىلمايلى!

خەنزۇچە «تاللانغان فېلىيەتونلار ژۇرنىلى»نىڭ 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇختار تۇردى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

## بۆرە بىلەن قاغىنىڭ دوستلۇقى

بۇرۇنقى زاماندا بۆرە بىلەن قاغا دوست ئىكەن. بىر كۈنى بۆرە بىر ئېشەك ئوۋ قىلىپ كېلىپتىكەن، قاغا بۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە داۋاملىق ياخشى ئۆتۈشكە، تاپقاننى تەڭ كۆرۈش توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىپتۇ. بۆرە بىلەن قاغا ئېشەكنىڭ گۆشىنى بىرقانچە ۋاقىتلار تازا مەززە قىلىپ يەپ تۇرمۇشنى ئوبدان ئۆتكۈزۈپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئوزۇق تۈگىشىگە قاغا كېتىپتۇ. بۆرىنىڭ قورسىقى تازا ئېچىپتۇ ۋە ئوۋ قىلىدىغان ھالىمۇ قالماپتۇ. ئۇ دەرەخكە شۇنداق قارىسا، قاغا بىر نەرسە يەۋاتقىدەك. شۇنىڭ بىلەن بۆرىنىڭ قاغىنىڭ تازا ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتقان تامىقىدىن تامىقى تاقىلداپ كېتىپتۇ ۋە قاغىنى چاقىرىپ:

—دوستۇم بۇ يەرگە كەل، نېمە يەۋاتىسەن؟— دەپتۇ. قاغا قىمىر قىلماپتۇ. بۆرە شۆلگەيلىرىنى ئىچىگە تارتىپ، كىكىردەكلىرىنى تاقىلدىتىپ يەنە يالۋۇرۇپ قاغىنى چاقىرىپتۇ:

—جېنىم دوستۇم، ئاپئاق دوستۇم، بۇ يەرگە كەل، يەۋاتقىنىڭ نېمە؟ تەڭ ئوزۇقلىنايلى، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى،— دەپتۇ. قاغا پەرۋاسىز ئولتۇرۇپ يەۋېرىپتۇ. بۆرە بولسا قاغىنىڭ مۇنداق شەخسىيەتچى، قارا قورساق، بەتنىيەتلىكىدىن قورسىقى كۆپۈپ، كايىپ ـ كايىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئارىسىدا «بۆرىنىڭ تاپقىنى تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ تاپقىنى دەرەخ بېشىدا» دېگەن تەمسىل تارقالغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: پەزۇل سىدىق، ئەر، ئۇيغۇر، 70 ياش، ساۋاتلىق، راھەتباغ يېزا قاراتال كەنتىدىن.

توپلىغۇچى: ھەسەن سالى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# قومۇلدىكى مازارلار

ئايشەم ياقۇپ



قومۇل ئۇزاق تارىختا ئىگە قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەر بولۇپ، نۇرغۇن مىللەتلەر ياشىغان. ئۇلار بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى، مانى دىنى، شەنجياۋ دىنى، شامان دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. ئىسلام دىنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قومۇلغا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، تەسىر دائىرىسى كېڭەيگەن. ئەرەبىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا قاتارلىق جايلىرىدىن ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قومۇلغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قومۇلدا ۋاپات بولغان. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتاپ مەخسۇس قەبرە ياسىغان. بۇ قەبرىلەرنى يەرلىك ئۇيغۇرلار «مازار» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. مۇسۇلمانلار ھېيت ـ ئايەملەردە بۇ مازارلارنى زىيارەت قىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. تۆۋەندە مەن بىر نەچچە مازارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## قەيس خوجام مازىرى

قەيس خوجامنىڭ ئىسمى قەيس ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەرەبىستان مەدىنەلىك، مىللىتى ئەرەب. بۇ مازار قومۇلدىكى چاھار باغنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. كىشىلەر ئۇنى «غوجام مازار» دەپ ئاتايدۇ، «يېشىل گۈمبەز»مۇ دېيىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى ئۈچ كىشى دىن تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەن. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى قەيس، ئۇۋەيس، ۋاققاس ئىكەن. ۋاققاس كېسەل بولۇپ گۇاڭجۇدا قازا تاپقان. ئۇۋەيس بىلەن قەيس چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە، تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنى قارشى ئالغان. كېيىن قەيس ئۆز دۆلىتىگە قايتماقچى بولغان. ئۇلار گەنسۇنىڭ خېشى دېگەن يېرىدىكى خۇيخۇيبۇغا يېتىپ كەلگەندە ئۇۋەيس ۋاپات بولغان. قەيس تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 9 ـ يىلى (635 ـ يىلى) قومۇلنىڭ شىڭشىڭشيا دېگەن يېرىگە كەلگەندە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەستى شۇ يەردە ئاددىيلا كۆمۈلۈپ، ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان. بىر نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن قومۇل ۋاڭى ئادەم ئەۋەتىپ شىڭشىڭشيادا قەيس ئۈچۈن بىر گۈمبەز ياساتقان.

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) شىڭشىڭشيا چازىسىنى ساقلاپ تۇرغان قوشۇن گازارما سالماقچى بولۇپ، گۈمبەزنى بۇزۇپ خىشلىرىنى گازارمىغا ئىشلەتكەن. ھەسەن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ



كۆزەتچى ئەمەلدارى ياڭ ماۋچۈن قەيسىنىڭ جەسەت سۆڭىكىنى تاغ ئارىسىغا ئېلىپ كىرىپ كۆمۈپ قويغان. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا قومۇلدىكى مۇسۇلمانلار سەي جيەنگو، سۇ يىچۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەيسىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئىش گومىنداڭ 29 ـ جىتۇەنجۈنىنىڭ سىلىڭى لى تيېجۈن، قومۇل ۋالىيسى زېڭ يۈگيۇ ۋە قومۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى سەي رۇزۇ قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. سەي جيەنگو بىلەن ماجۈنجيې ئىككىيلەن بۇ ئىشقا كونكرېت مەسئۇل بولغان. ئۈچ ئاي تەييارلىق كۆرۈلۈپ، ھازىرقى ئورۇن تاللاپ چىقىلغان. 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى نامان قازى ئاخۇنۇم ھەر ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر ۋە ئاخۇنلاردىن بولۇپ، 21 كىشى باشلاپ ماشىنا بىلەن شىڭشىڭشياغا بېرىپ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جەسەتنى قېزىپ ئالغان. جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە چىدىن ئاشىدىكەن. كۆكرەك قىسمىنىڭ قوۋۇرغىلىرىغا ئەت يېپىشىپ تۇرغان، ساقىلى ساق قالغان. 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جەسەت سۇجۇ مەسچىتىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇجۇڭشىن تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن. لى تيېجۈن سىلىڭ تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن ناماز چۈشۈرۈلگەن، ئاندىن جەسەت سۆڭىكى سېلىنغان تاۋۇتنى بىر نەچچە چوڭ ئاخۇن كۆتۈرۈپ مەسچىتتىن ئېلىپ چىققان. تاۋۇتقا كەشتىلىك يېشىل يوپۇق يېپىلغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىمخاپ سەللە قويۇلغان.

جامائەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تەزىيەنامىلەرنى كۆتۈرگەن كىشىلەر ماڭغان. ئۇلارنىڭ كەينىدىن 30 دانە قۇرئان ھەم راۋاق (ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ قۇرئان بار) ئارتىلغان تۆت ئاق بوز ئات ماڭغان. ئۇنىڭ كەينىدىن تاۋۇت ئېلىپ مېڭىلغان. شۇ كۈنى سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان. ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە تاغلىق رايونلاردىن ئۇلگۇرۇپ كەلگەن قازاقلاردىن تەشكىل تاپقان 10 مىڭدىن ئارتۇق جامائەت سۇجۇ مەسچىتىدىن چىقىپ، دېڭشىڭ كوچىسى ۋە جېنفەن كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە سۇ قوۋۇق بىلەن كىرىپ، ئوردا قوۋۇقىدىن چىقىپ شىمال تەرەپتىكى قەبرىستانلىققا يېتىپ بارغان. بازاردىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ سودىگەرلەر كوچىلارغا ئاق پلاكات ئېسىپ قارىلىق تۇتقان. خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ كوچا بويلىرىغا كۈجە يېقىپ تەزىيە بىلدۈرگەن.

قەيس غوجام گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر كېلىدۇ. ئىشىكى جەنۇبقا قارايدۇ. گۈمبەزنىڭ ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى قوببە شەكلىدە بولۇپ، يېشىل رەڭلىك كاھىش چاپلانغان. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا پېشايۋان بار، مازارنىڭ چۆرىسى سوقما تام بىلەن قاشالانغان. مازارنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىناكارلىق ئۇستىسى ئابدۇلباقى سوپا ھاجى ياساپ پۈتتۈرگەن. تام ئىچىدە ھەرخىل دەل ـ دەرەخلەر بار. گۈمبەزنىڭ يېنىدا مازارغا قارايدىغان شەيخلەر ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىنغان.

## ئەزىزىم ئاغچام مازارى

ئورنى قومۇل شەھىرى شەھەر ئەتراپى يېزا ئەزىزىم مەھەللىسىدە، ئەسلي ئىسمى بۇۋى رابىيە ئەدۋىيە ۋەلىيۇللاھە، ئايال، ئەرەب. مازارنىڭ شەرق، غەرب ئىككى تەرىپىدە تۇرغۇزۇلغان ئابىدە تېشى بار، تاشقا ھىجرىيە 1304 ـ يىلى دەپ ئويۇلغان. ھەر يىلى قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كېچىسى ئۇيغۇر ئاياللار مازازغا كېلىپ زىيارەت قىلىش ئادەتكە ئايلانغان.

## سۇلتان سەئىد مازىرى (تۇغلۇق مازار)

ئورنى قومۇل شەھەر ئىچى يېزا خوجامىخىدا. ئەسلي ئىسمى سۇلتان سەئىد ئەھمەت بەلخى، ئافغانىستاننىڭ قەدىمكى پايتەختى بەلخدىن. قومۇلغا مىرتەھۇر بەلخى، مىرتاباق بەلخى ئىسىملىك ئىككى سوپىسى بىلەن

كەلگەن. بۇ ئىككى سوپى قومۇلدىن ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، قومۇلدا ۋاپات بولغان. ئالتۇنلۇقتىكى ياقا زاراتگاھلىقنىڭ ئاياغ تەرىپى، ئۇلۇغ يولنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى سوقما تام ئىچىدە ئىككى دۆڭ بولۇپ، كونا چىقىش تەرەپتىكى دۆۋە بۇ ئىككى سوپىنىڭ قەبرىسىدۇر. بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەرلىرى «شاھ»، ئاياللىرى «تەركەن» دېگەن نام بىلەن تۇغلۇق مازارنىڭ شەيخلىرى بولۇپ كەلگەن. كونا پېتىش تەرەپتىكى قومۇشلۇق دۆۋە بولسا ھوشۇر قەلەندەرنىڭ قەبرىسىدۇر. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ كىشى ئۆلۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى يۇرتنى ئۆزىنىڭ جىنازا نامىزىغا چىللىغان ۋە ئەتىسى ئۆلۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

## ئايلىق مازار

ئۈرنى شەھەر ئىچىدە. ئەسلىي ئىسمى كۆك تۇغلۇق، كۆمۈش كۆزلۈك ئاتا، بۇخارالىق. كۆك تۇغلۇق دېگىنى كۆك دەرەخلىك ئىچىدە ياتقانلىقى، كۈمۈش كۆزلۈك دېگىنى بۇ مازارنىڭ يېنىدا بۇلاق (قۇدۇق) بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ كىشى قەبرە خالىمىغان كىشى ئىكەن. بىر قانچە قېتىم قەبرە ياسىغان بولسىمۇ قەبرە توختىمىغان، شۇڭا ھازىرغىچە قەبرىسى يوق، تۇپراق بىلەن ياتىدۇ، دېيىلگەن. ئۇ يەردىكى نەچچە تۈپ دەرەخ بەلگە بولۇپ تۇرغان.

## غايىب مازار

ئۈرنى شەھەر ئىچى يېزا توقۇز ئەجدىھا مەھەللىسىدە. ئەسلىي ئىسمى ھەزرىتى مەۋلانا خوجا ھەسەن ئاتا، بۇخارالىق. مازارنىڭ يېنىدا توققۇز ئەجدىھا تال بار. چىلك سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «جيۇلوڭشۇ» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. 1940 ـ يىلى شەھەر ئىچى سېپىلىنى بۇزغاندا مازارنىڭ يېنىدىكى سېپىلدىن مەۋلانا خوجا ھەسەن ئاتىنىڭ ھەربىي كىيىمى تېپىلغان. پولاتتىن قۇرۇلغان قۇرما گازا چاپان، ئىشتان (تىزلەپچە) ئاق تاۋارغا كۆك چەشمە تىكىپ، ئىچىگە سەدەپكە قېپىدەك ئۇششاق تانكا پولاتنى قۇرما قىلىپ تىزىپ قويغان. بۇلاردىن باشقا پولات قالپاق، ئىلمە ئۆتۈكمۇ تېپىلغان. بۇلار ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

## پەنجى نىياز مازار

ئۈرنى قومۇل شەھەر ئىچى يېزىسىدا. ئەسلىي ئىسمى پەنجى نىياز ئەزىم ئاتا، قومۇللۇق. پەنجى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بەش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ مەنىسى بەش نىيازنىڭ قەبرىسى دېگەنلىكتۇر. ئۇلار شەھەر ئىچى، قارسۇ، ئالتۇنلۇق، خوتۇنتام، راھەتباغ قاتارلىق بەش جايغا دەپنە قىلىنغان. قومۇلدا پەنجى نىياز خوجاملارغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزى ئادەتلەر رەسمىيەت بولۇپ قالغان. بالىسى تۇرمىغان كىشىلەر، يالغۇز ئوغۇل ياكى ئاغرىقچان بالىلارنى ئاتا ـ ئانىلىرى پوشكال سىلىپ، نان جۇپلەپ، ئاتىغان سەدىقىلەرنى پەنجى نىياز خوجاملار ياتقان مازارلارغا ئاپىرىپ شەيخلەرگە دۇئا قىلدۇرۇپ، رەسمىيەت بويىچە بالىسىنىڭ ئىسمىنى نىياز دېگەن ئىسمغا ئۆزگەرتىدۇ، بالىسىنىڭ بېشىغا كىچىككىنە چاچ قويىدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ چاچ ئۆسكەندىن كېيىن ئۇنى ئۆرۈپ قويىدۇ. بالىلىرىنىڭ چىن تۆمۈردەك كۈچتۈكگۈر ئادەم بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىپ سۇپۇرگە نىياز، بوسۇقنىياز، كۆسۈي نىياز، تۆمۈر نىيازغا ئوخشاش ئىسىملارنى قويىدۇرىدۇ.

بالاغەت ياشىغا تولغاندىن كېيىن شۇ مازارغا ئېلىپ بېرىپ رەسمىيەت بويىچە ئۆرۈمە چېچىنى ئالدۇرۇپ تاشلايدۇ.

## ساراي مازار

ئۈرنى شەھەر ئىچى ئۇرداخېيدا. ئۇرداخېينىڭ ساراي مازار خانىقاسىدا 1930 ـ يىلىغا قەدەر ئاسىم ئاخۇنۇم،



ئابدۇرېشىت خەلپە ھاجىلار باشچىلىقىدا زىكرى - سۆھبەتلەر بولۇپ كەلگەن.

### لەڭگەر مازار

ئورنى پالۋانتور يېزا لەڭگەر مەھەللىسىدە. لەڭگەر — پارسچە سۆز بولۇپ، كارۋانلار قونۇپ، ئوت يېقىپ ئىز قالدۇرغان جايىنى لەڭگەر دەپ ئاتايدۇ. مازارغا ئىككى ئادەم دەپنە قىلىنغان. بىرىنىڭ ئىسمى قىيامدىن ئاتا، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى غىياسىدىن ئاتىدۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مازار 280 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مازاردا ئىككى پارچە ئابىدە تاش بار. بۇلارنىڭ بىرى پۈتۈن، يەنە بىرى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بۇ زاتلارنى دۈشمەنلەر قوغلاپ كېلىۋاتقاندا، تۆگىسى ھېرىپ قېلىپ يېتىۋالغان. دۈشمەنلەر يېقىنلىشىپ قالغاندا، بۇ كىشىلەر دۇئا بىلەن تۆگىنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن. بۇ تۆگىنىڭ ئەسىرى ھېلىمۇ شەھەر ئىچى يېزا كۆتە مەھەللىسىدىكى تۆگە تاش باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بار. بۇ زاتلار بۇ يەردىن لەڭگەرگە يۆتكىلىپ ماكانلاشقان.

### بوغاز مازار

بۇ مازارنىڭ ئورنى بوغاز يېزىسىدا. ئەسلى ئىسمى سۇلتان بۇرھاندىن بولۇپ، كۆك توغراقلىق ئىچىدە ياتقانلىقى ئۈچۈن كۆك تۇغلۇق ئايۇپ ئاتا دېگەن نام بېرىلگەن. مازارنىڭ يېنىدا مەسچىت بار. ھەر جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلار بۇ مازاردىكى مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

### ئەللىك مازار

ئورنى قارا دۆۋە يېزىسىنىڭ ئەللىك مەھەللىسىدە. رىۋايەتتە «ئەللىك» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىباتچىلىرىدىن 50 كىشى يىغىلىپ ھەپتە كۈن زىكرى - سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي ئەللىك دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان، دېيىلگەن.

بۇ مازاردا ياتقان زاتنىڭ ئىسمى سۇلتان ئەزىزۇللا.

### يالغۇز تۇيۇن مازار

ئورنى تاشبۇلاق (تاشبالىغ) يېزا، خوتۇنتام كەنتىنىڭ يالغۇز تۇيۇن دېگەن بىر تاغنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، مىڭ سۇلالىسى ۋەنلىنىڭ 20 - يىلى (1592 - يىلى) نۇرئاخۇن ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان چىڭخەينىڭ شىنىڭ دېگەن يېرىدىن ئەرەبىستانغا ئوقۇشقا بارغان. بەش يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن، ئاندىن ئەرەب دىنىي تەشكىلاتى تەرىپىدىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن قومۇلغا ئەۋەتىلگەن. نۇرئاخۇن 80 نەچچە پىدائىينى باشلاپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، قومۇلنىڭ قارا دۆۋە دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلگەن. چازىنى ساقلاپ ياتقان ئەسكەرلەر بولغاچقا، ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي، شىمال تەرەپنى ئەگىپ، تاشبۇلاقنىڭ خوتۇنتام دېگەن يېرىگە كېلىپ، شۇ يەر ئارقىلىق قومۇلغا كىرمەكچى بولغان. ئۇلار خوتۇنتامغا يېتىپ كېلىشىگە شۇ جايىنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر تۇيۇپ قېلىپ ئۇلار بىلەن سوقۇشقان. سوقۇشتا نۇرئاخۇنلار چېكىنىپ يالغۇز تۇيۇمغا كەلگەندە، ئوقيا تېگىپ نۇرئاخۇن شېھىت بولغان، جەسىتى شۇ يەردە ئاددىيلا كۆمۈپ قويۇلغان. ئارىدىن 200 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 7 - ئەۋلاد ۋاڭ بېشىر (1813 - يىلدىن 1866 - يىلغىچە ۋاڭ بولغان) ئادەم ئەۋەتىپ، نۇرئاخۇننىڭ جەسەت سۆڭىكىنى تاپقۇزۇپ، ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر گۈمبەز ياساتقان. تاغقا چىقىدىغان يول تىك، قاتناش قولايسىز بولغاچقا، ئۇلار گۈمبەز ياساشقا لازىملىق خىش، كېسەكنى قويغا ئارتىپ تاغقا ئېلىپ چىققان. گۈمبەز كۆك خىش ۋە كېسەك بىلەن ياسالغان. گۈمبەزنىڭ ئاستى تەرىپى چاسا، ئۈستى يۇملاق شەكىلدە ياسالغان. گۈمبەزنىڭ چۆرىسىدە قاشا تام بار.

ھەر يىلى روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كەلگەندە تاشبۇلاقتىكى مۇسۇلمان دېھقان - چارۋىچىلار بۇ يەرگە ئۇلاغلىق ياكى ھارۋىلىق كېلىپ تىلاۋەت قىلىدۇ.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. «قومۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە).
2. «قومۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە).
3. قومۇل ۋىلايىتى «مىللەت، دىن تەزكىرىسى» (خەنزۇچە).
4. قومۇل شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى 2 - ، 4 - قىسىم.

(ئاپتور قومۇل شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تاجىكلاردا توي ئالدىدىكى يۇيۇندۇرۇش ۋە تەرلەندۈرۈش ئادىتى




2005.3

تاجىكلارنىڭ ئۆزگىچە رەڭدار توي ئادەتلىرى، ئۇلارنىڭ پسىخكىلىق ساپاسىنىڭ بىر تۈرلۈك ئىنكاسى بولۇپ، پۈتكۈل تاجىك جەمئىيىتىدە ئومۇملۇققا ۋە خاسلىققا ئىگە.

تاجىكلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى قائىدىلىك ۋە نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رازىلىقى ۋە قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن «قۇدا چۈشۈش» (ياغلىق چىگىش) رەسمىيىتى ئۆتۈلىدۇ. بولغۇسى كۈيئوغۇلدىن باشقا ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەممە يېقىن تۇغقانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ «ياغلىق چىگىش» مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. مۇراسىمدا ئىككى تەرەپ توي ۋاقتى، تويلۇق (قەلىن)، سۈت ھەققى (مېھىر ھەققى) قاتارلىقلارنى كېڭىشىپ بولۇپ، بىر ـ بىرىنى مۇبارەكلەپ ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ بارغان قوينى سويۇپ، سۆڭەك نەي، داپ، راۋاپ كۈيلىرى ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ياڭرىتىپ مېھمان بولۇشىدۇ، مۇراسىمدىن كېيىن ئىككى تەرەپ رەسمىي توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

توي باشلىنىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئىككى تەرەپ تويى بولىدىغان قىز ۋە ئوغۇلنى ئۆز ئۆيلىرىدە يۇيۇندۇرۇش، تەرلەندۈرۈش تەييارلىقلىرىنى ئىشلەيدۇ.

توي كۈنى قاق سەھەردە بولغۇسى ئىككى قۇدا ئالدى بىلەن قىز ۋە ئوغۇلنى يۇيۇندۇرىدۇ. دورىلىق ياۋا گۈل بەرگى، ئەنبەر، مەرۋۋي، ئارتۇچ ياغىچى، ئادراسمان قاتارلىق خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەرگە ناۋات قوشۇپ قاينىتىپ، يۇيۇنۇش سۈيى تەييارلىنىدۇ. قىز ھاممىسى، يەڭگە تاغىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا قولىغا پىچاق تۇتقۇزۇلغان ھالدا ئۆگزىگە ئېلىپ چىقىلىدۇ ھەمدە ئىشلىتىلمىگەن سۈپۈرگە ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ ياكى ئۆرە تۇرغۇزۇپ، باش قىسمىدىن ئالدىن تەييارلانغان يۇيۇنۇش سۈيى ئاستا ـ ئاستا قۇيۇلىدۇ. خۇش پۇراق ھىدلىق، ناۋات سۈيى ـ تاتلىق، شېرىنلىكنىڭ، پىچاق ـ قەيسەرلىك، باتۇرلۇقنىڭ، يېڭى سۈپۈرگە ـ پاكىزلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. پاكىز لۆڭگە بىلەن قىز ـ يىگىتنىڭ بەدەنلىرى



سۇرتۇلىدۇ، بەدەندىكى مويلار تازىلىنىپ، تىرناقلار يا-
سىلىدۇ. راسا قاينىتىلغان سۈت ھىدى ياكى خۇش ھىدلىق
دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەر قاينىتىلغان سۇ ھورىدا قىز -
يىگىتنىڭ يۈزى ھوردىلىنىدۇ. بۇ «قىز - يىگىتنىڭ مېھرى
ئىسسىق بولسۇن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.
تاجىكلار توي ئالدىدىكى يۇيۇنۇشنى پېشكەللىكلەرنى
يوقىتىدۇ، يېڭى ئائىلىگە بەخت - سائادەت ۋە شاد - خۇ-
راملىق بەخش ئېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تا-
جىك تېبابىتىدىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن «يۇيۇنۇش سۇ-
يى» تەييارلاش رېتسېپى ئارقىلىق جاھىل خاراكتېرلىك
بەل - پۇت ئاغرىقىنى داۋالاش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ
ئالدىنى ئېلىش، مىكروب ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى
بولىدۇ.
تاجىكلاردا «ئىسسىق نان، سېرىق ماي، سېمىز
گۆش — بىرى ئەقىل، بىرى ھوش» دەيدىغان گەپ بار.
تەرلەندۈرۈش دېگەندە ئالدى بىلەن پاكىز يۇيۇندۇرۇل-
غان قىز - يىگىت ئۇچۇن ئۆز ئۆيلىرىدە يېڭى، يۇمشاق
يوتقان - كۆرپىلەر تەييارلىنىدۇ. ھەمراھ بولۇۋاتقان ئا-
تا - ئانا، تۇغقانلار — تەگتۇش، قۇرداش، ئورتاقلار ئۆز-
لىرى تەييارلىغان سېرىق ماي بۇلمىقى، قورۇما، شورپا،
قاتلىما، كاۋاپ، شىرگۈرۈنچ (سۈتتە پىشۇرۇلغان گۈرۈچ)،
خەكس (ئۇن ۋە مايدىنلا تەركىب تاپقان ئاش) قاتارلىق
ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، ئېنېرگىيىسى يۇقىرى تائاملارنى
يېگۈزىدۇ. بولغۇسى ئىككى قۇدا ئارىلىقىنىڭ يىراق - يې-
قىنلىقىدىن قەتئىينەزەر، تەرلىنىۋاتقان كېلىن - كۈيئوغۇلغا
ئېسىل تائاملارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزئارا مېھرىبانلىق،
كۆيۈنۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. تائاملار يېيىلىپ بول-
غاندىن كېيىن، يەنە باشقا يوتقان، يۇڭ ئەديال، جۇۋا،
قاتارلىقلار بىلەن ئۇلارنى «دۇملەپ» قويىدۇ. بىر نەچچە
ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن قىز - يىگىت راسا تەرلەيدۇ.
مانا بۇ «تەرلەندۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ.
تاجىكلارنىڭ نەزەرىدە تەرلەندۈرۈش قىز - يىگىت-
لەردىكى جىسمانىي ۋە روھىي ھالەتنى تەڭشەپ، ئېزد-
لەڭگۈلۈك، چېچىلاڭغۇلۇق، سەزگۈرلۈكنى يوقــىتىش،
تىت - تىت بولۇش، زېھنىنى يىغالماسلىق، لەۋالىق قا-
تارلىق زەئىپ روھنى بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل ئادەت شامان دىنى-
نىڭ تاجىكلار جەمئىيىتىدىكى قالدۇق تەسىرى بولــۇپ،
ئىسسىقلىق ئارقىلىق روھنى ئىللىتىشقا قارىتىلىدۇ، يەنى
قىز - يىگىت روھىنى ئىللىتىپ، بىر - بىرىگە مايىل قى-
لىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.
قىز - يىگىت تەرلەندۈرۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلار-
نىڭ سىرتقا چىقىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلار
ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلىدۇ،
سوغۇق سۇ ئىچىش، سوغۇق سۇغا پۇت - قولنى تەگ-
كۈزۈش، يۇيۇنۇش، يەللىك نەرسىلەرنى يېيىشتىن ساقلى-
نىدۇ. چۈنكى «سۇ — سوغۇق تەبىئەتلىك بولغاچقا روھنى
سوۋۇتىدۇ» دەپ قارايدۇ.
تەرلەندۈرۈلگەندىن كېيىن قىز - يىگىت ئاجايىپ نا-
زاكەتلىك، جەلپكار، ئوچۇق - يورۇق، جەسۇر، ساغلام،
كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ھەم جۇشقۇن كۆرۈنىدۇ.
تەرلەندۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قىز - يىگىت قايتى-
دىن پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ، باش - كۆزى يۇيۇپ تارىلىپ،
قاش - كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىلىدۇ، ئاق ئۇن بىلەن كۆزى
ئەتراپىغا چەكمەن چېكىلىپ، مۇھەببەت ئايەتلىرى ئوقۇل-
غان چىرايلىق توي كىيىملىرىنى كىيىشىپ، پاكىز ھالدا تا-
ھارەت بىلەن نىكاھ مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.
دېمەك، تاجىكلارنىڭ رەڭدار ھەم خاسلىققا ئىگە توي
ئالدىدىكى يۇيۇندۇرۇش ۋە تەرلەندۈرۈش ئادىتى ئىل-
مىيلىككە ۋە ئىجابىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆزگىچە تۇرمۇش
شەكلى، مەدەنىيەت تىپىنى روياپقا چىقارغان.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

www.uyghurkitap.com



# ئالا نىيەتلىكنىڭ ئاقىۋىتى

ۋاھىتجان غوپۇر

بىر مەھەللىدە ئىككى قوشنا ياشايدىكەن. چوڭىنىڭ ئىسمى تۇيغۇن بولۇپ، ئىشچان، زېرەك، كەڭ قورساق، ئەقىللىق كىشى ئىكەن، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى جورە باي بولۇپ، ھۇرۇن، تېرىككەك، ئىچى تار، تەدبىرسىز بىر تېجمەل ئىكەن.

تۇيغۇن ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك خىسلەتلىرى بىلەن موھتاجلىق ۋە تەمەخورلۇقتىن خالىي خۇشال - خۇرام، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، قوشنا - قولۇملارغا تولىمۇ مېھرىبان ھەم كەڭ قول ئىكەن.

جورە باي بولسا ئۆزىدىكى ئاشۇ خىل ناچار ئىللەتلەر سەۋەبىدىن نامرات ھەم غورىگىل ياشايدىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىرى تۇيغۇننى قارغاش، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن.

مەلۇم بىر كۈنى جورە باي ئايلىنىپ - ئايلىنىپ، تۇيغۇنلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، شۇنداق قارىسا، يوغان بىر چار يىلان دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن جورە باينىڭ خۇشلۇقتىن چېچىكى چاي بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئەجەبمۇ ئوبدان بولدى، — دەپتۇ جورە باي، — سەن تۇيغۇنباي كىچىككىنە ھاللىنىپ قالغىنىڭغا كۆرەڭلەپ، تېرەڭگە سىغماي قالغاندىڭ، ھەتتا مېنى كۆزۈڭگە ئىلىپمۇ قويمايتتىڭ، مانا بۇ چار يىلان سەنلەرنىڭ ئەددىپىڭنى بېرىپ، ئۆچۈمنى ئېلىپ بېرىدىغان بولدى...

يۇقىرىقىدەك شەيتانى خىيال ئەقلىگە مىنىۋالغان جورە باي قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقان يوغان چار يىلاننى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى توسۇش خىيالىدا بولماپتۇ، ئەكسىچە يىلاننىڭ ئۇلارغا ھالاكەت يەتكۈزۈشىنى تىلەپتۇ.

چار يىلان سۇرلۇك كۆشۈلدىغىنىچە تۇيغۇننىڭ ئادەمسىز ھويلا - ئايۋان، سارايلىرىنى بىر ئايلىنىپ، ئارقا ئىشىكتىن ئۆتۈپ باغقا چىقىپتۇ - دە، باغنىڭ سۈڭگۈچىدىن ئۇدۇل جورە باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، مېھمانخانا تەرەپكە توختىماي قويۇلغان چوڭ خاپاننىڭ ئىچىگە كىرىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋاپتۇ.

— ھوي، خوتۇن! — دەپ توۋلاپتۇ جورە باي ئۆيدىن چىقىپ، — خاپاننىڭ ئوڭ تەرەپ ئېغىزىدىكى تاغارنى ئېلىۋەتكىنە!

— قولۇمنىڭ خېمىردا تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ جورە باينىڭ ئايالى خاپا بولۇپ، — يەلكىلىرىڭگە تاش ئارتىپ قويمىغاندىكىن ئۆزلىرى ئالسىلا بولمامدۇ؟

— لەنەت سېنىڭ شۇ ئۆزىراپ كېتىۋاتقان تىلىڭغا!...

جورە باي غۇدۇڭشىغىنىچە دالانغا كىرىپ، خاپان ئىچىگە قولىنى سېلىشىغا، قولى چار يىلاننىڭ بەدىنىگە تېگىپ كېتىپتۇ. چۆچۈپ كەتكەن يىلان بىرلا سىلكىنىپ نەشتەر ئۇرۇپ، جورە باينىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ.

«باشقىلارغا ئۆلۈم تىلىگىچە ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە» دېگەن دانالار سۆزى ئاشۇ ۋەقەدىن قالغانىكەن.



# دەريا بويىدا

سابىر ۋە جابىر ئىسمىلىك ئىككى ئىشلەمچى ئۇقەت قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ھەپتىلەپ، ئايلاپ يول يۈرۈپ، دەشت ـ چۆللەرنى كېزىپ، چوڭ بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەلگىنىدە پۇل ـ پۈچەكلىرى تۈگەپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى ئاز قاپتۇ.

ــ ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، ــ دەپتۇ جابىر، ــ يېنىمىزدا ھېچنېمە قالمىغانىنىڭ ئۈستىگە چوڭ بىر دەريا يولىمىزنى توسۇپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان، يا ئارقىغا، يا ئالدىغا يۈرگىلى بولمىسا، نېمىمۇ قىلارمىز ئەمدى؟

سەۋر قىل ئاداش، ــ دەپتۇ سابىر، ــ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، بەلكىم پېشانىمىزغا پۈتۈلگەن بولسا، بۇ مالامەتلەردىن قۇتۇلۇپ كېتەرمىز.

دەريا بويلاپ كېلىۋاتقان پەرىشتە بۇ ئىككىيلەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە ئاپئاق ساقال بىر بوۋاينىڭ قىياپىتىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ــ غەم قىلماڭلار يىگىتلەر، گېپىڭلارنى ئاڭلاپ ھالىڭلارغا ئېچىنىۋاتىمەن، مېنىڭ مۇنداق بىر ياخشى مەسلىھەتىم بار، ئەنە ئاۋۇ يەردە تۇرغان قېيىقنى كۆردۈڭلارمۇ، ئۇ پەقەت بىرلا ئادەمنى سىغدۇرالايدۇ. بىرسىڭلار ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ، قارشى قىرغاققا ئۆتسەڭلار، ئۇ يەردە بىر مۇنار بار، مۇنارنىڭ ئاستىغا نۇرغۇن گۆھەرلەر يوشۇرۇپ قويۇلغان، ئۇ يەرگە بارغىنىڭلار پەقەت بىر تال گۆھەرنىلا ئېلىپ، كېمىگە چىقساڭلار، سالامەت بۇ قىرغاققا قايتىپ كېلەلەيسىلەر، مۇبادا نەپسىڭلارنى يامان قىلىپ، ئوشۇق ئېلىۋالساڭلار، قېيىق سۇ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قاينامغا دۇچ كېلىپ چۆكۈپ كېتىدۇ ـ دە، جېنىڭلاردىن ئايرىلىپ قالىسىلەر، قېنى قايسىڭلار ئالدىن قېيىققا چىقىپ، قارشى قىرغاققا ئۆتىسىلەر؟

جابىر بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ، سابىردىن بۇرۇن بېرىپ گۆھەرلەرگە ئىگە بولىۋالاي دېسە، سۈرلۈك دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمىنىپتۇ، بارماي دېسە كۆڭلى ئۇنىماپتۇ...

جاۋاب كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان پەرىشتە يەنە خىتاب قىلىپتۇ:

ــ قېنى، تېزرەك جاۋاب بەرمەمسىلەر؟ قايسىڭلار ئالدىن ئۆتىسىلەر؟ جابىر ئاخىر سابىرغا قاراپ:

ــ بولدىلا ئاداش سەن ئالدىن بارغىن، ــ دەپتۇ.

سابىر قېيىققا ئولتۇرۇپ، پەرىشتىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ، مۇنار پەلەمپىيى ئاستىدىكى گۆھەرلەرنى تېپىپتۇ، ۋاللداپ تۇرغان گۆھەرلەرنى كۆرگەن سابىر مەمنۇنلۇق بىلەن پەرىشتىنىڭ جېكىلىگىنى بويىچە بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ، قېيىققا ئولتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com



تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن جابىر شۇ ھامان قېيىققا ئولتۇرۇپ، قارشى قىرغاققا ئۆتۈپتۇ. ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ، نۇر چېچىۋاتقان گۆھەرلەر ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىپتۇ:

—ئاتايىن كېلىپ، ئاران بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ قايتىپ كېتەمدىمەن،— دەپ ئويلاپتۇ ئۇ،— ھېلىقى قېرى ئېھتىمال ئادەم بىلەن يۈك ئارتىپ كەتسە قېيىق دەرياغا چۆكۈپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەندۇر بەلكىم. مەن ئۇستۇمدىكى كىيىملىرىمنى يېشىپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كەلگۈدەك گۆھەرلەرنى ئېلىپ قايتساممۇ بولۇۋېرىدىغۇ...

پەرىشتىنىڭ قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى پەسەنتكە ئىلمىغان جابىر كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ گۆھەرلەرنى ھەمىيىنىغا قاچىلاپ، ئارقىسىغا يېنىپتۇ. قېيىق سۇ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تۇساتتىن ئاپئاق ھور كۆتۈرۈلۈپ، شىددەتلىك قايىنام ھاسىل بولۇپتۇ ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە جابىر بىلەن قېيىقنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىپتۇ...

ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق: ئامەت بىلەن قانائەتنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان پۇرسەت كىشىگە مۇۋاپىق بايلىق ھەم خۇشاللىق ئاتا قىلسا، ئامەت بىلەن ئاچ كۆزلۈكنىڭ بىرىكىشىدىن تۇغۇلغان قارا نىيەت ئادەمنى مەڭگۈلۈك ئازابقا ۋە ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ.

# ئۆز كۆلىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن پاقا

خالىي جايغا جايلاشقان بىر كۆلدە بىر پاقا ياشايدىكەن. بۇ پاقا ئاشۇ كۆلدە ئۆزىگە خان، ئۆزىگە بەگ بولۇپ، خالىغانچە ئويناپ كۈلىدىكەن. ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى يەپ ـ ئىچىدىكەن. بەزىدە سۇدا ئۈزۈپ ئەركىن يايراپ ئوينىسا، بەزىدە كۆل ئەتراپىدا ساياھەت قىلىدىكەن. ئۇ، كۆلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە بېرىپ، ئېسىل يېمەكلىكلەرنى تېپىپ چىقالايدىكەن، قىشنىڭ غېمىنىمۇ ئوبدان قىلىۋالىدىكەن. شۇڭا يىل بويى خاتىرجەم، بەھۇزۇر كۈن كەچۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ كۆلگە سىرتتىن بىر ئۆردەك كېلىپ قونۇپتۇ. ئۇ كۆچمەن ئۆردەك بولۇپ، تۇراقلىق ماكانىمۇ يوق ئىكەن. بۇ ئۆردەك ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئارانلا كۈن ئۆتكۈزىدىغان، قىشلىقى ئىسسىق جايلارغا، يازلىقى سالقىن جايلارغا كۆچۈپ، تاپسا يەپ، تاپالمىسا ئاچ يۈرۈپ، باشقىلارنى ئالداپ جان باقىدىكەن.

ئۆردەك كۆلدە ئانچە ـ مۇنچە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپتۇ ۋە قورسىقىنىمۇ تويغۇزۇۋېپتۇ. ئۇ كۆلدىكى پاقىنىڭ تولىمۇ ياۋاش قىياپىتىنى كۆرۈپ:

—ھە، پاقىجان، سەن تولىمۇ كىچىك ھەم سېسىق بىر كۆلدە ياشايدىكەنسەن، مېنىڭ يۇرتۇم بۇنداق ئەمەس، مەن ناھايىتى چوڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ياشايمەن، ئۇ يەرلەردە سەن ئۆمرۈڭدە كۆرۈپ باقمىغان ھەر خىل ئېسىل يېمەكلىكلەر بار. سەن ئەخمەق ياشاشنى زادى بىلمەيدىكەنسەن، ئەگەر خالىساڭ مەن بىلەن ماڭغىن، مەن سېنى ئاشۇ مولچىلىق ماكانغا ئېلىپ باراي،— دەپتۇ.

ئەخمەق پاقا ئۆردەكنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ماكانىدىكى تۇرمۇشىدىنمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلاپ، ئۆردەك بىلەن بىللە كەتمەكچى بوپتۇ. ئەمما ئۇ تولىمۇ مەيۈسلەنگەن ھالدا ئۆردەككە قاراپ:

—سەن ئۇچالايسەن، ئەپسۇسكى مەن...، مېنى قانداقمۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەلەيسەن؟— دەپتۇ.

—خاتىرجەم بول، پاقىجان، مېنىڭ ئامالىم بار،— دەپتۇ ئۆردەك.

ئۆردەك پاقىنى بىر ئاماللار بىلەن دۈمبىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇچا ـ ئۇچا ناھايىتى يىراقتىكى بىر دېڭىز بويىغا كەلگەندىن كېيىن چۈشۈرۈپتۇ. ئۆردەك پاقىنى چۈشۈرۈپ قويۇپلا ھېچنەرسىگە قارىماي يەنىلا ئۆز ئادىتى بويىچە قاياققىدۇر ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

پاقا بۇ يەرگە كېلىپلا ياتسىراپ، تەمتىرەپ قاپتۇ. دېڭىزغا قارىسا، دېڭىز سۈيى دولقۇنلاپ، شاۋقۇن سېلىپ قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئېقىۋاتقۇدەك، دېڭىزدا ئاجايىپ يوغان يىرتقۇچ بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك. ئۇ، سۇغا چۈشەي دېسە، يىرتقۇچلارنىڭ ئۆزىنى يەپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ. قۇرۇقلۇقتا يۈرەي دېسە، ھاۋا ئىسسىپ، چاڭقاپ ھېچ ھالى قالماپتۇ. ئۆز قىلمىشىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن پاقا يىغلاپ ـ قاقشاپ بىر تاشنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، ئۆردەكنىڭ تېزرەك كېلىپ ئۆزىنى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇشىنى كۈتۈپ، كۈننىڭ ئىسسىقىدا قاق بولۇپ قۇرۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: نامان قارى

توپلىغۇچى: ئايخان ۋايىت

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى



# ئىككى پىلەك

ۋاھىتجان غوپۇر

قوغۇن پىلىكى كاۋا پىلىكىگە دەپتۇ:

— بۇرادەر، ئىككىمىز سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىمىز، ئوخشاش پىلەك تارتىمىز، سېرىق رەڭدە ئوخشاش چېچەكلەيمىز. بىراق، سەن ئىگىمىز ياساپ بەرگەن باراڭغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ، يوغان - يوغان كاۋىلارنى تەييار قىلىسەن، مەن يەر بېغىرلاپ پىلەك تارتىپ، قوغۇنلارنى پىشۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزىمەن. يېقىندىن بۇيان سېنىڭ ئېگىز باراڭدا تۇرۇۋالغانلىقىڭنى كۆرۈپ تارلىق قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، مەن سۆرەلمە، پالەچتەك يەر بېغىرلاپ يېتىۋېرىمەنمۇ؟ سەنمۇ ئازراق يول قويىغىن، سەن تۇرغان باراڭ تەرەپكە قاراپ پىلەك تارتىپ، چىلگە، قوغۇنلىرىمنى باراڭدا پىشۇرۇپ كۆرەيچۇ.

—جېنىم دوستۇم،—دەپتۇ كاۋا پىلىكى،—مېنىڭ سەندىن قىزغانغىنىم ئەمەس، ئىككىمىز ئوخشاشلا پىلەك بولساقمۇ، مېنىڭ ساپاقلىرىم نەچچە كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى كاۋىلارنى مۇئەللەقتە كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى هازىرلىغان، سېنىڭ ساپاقلىرىڭ بولسا ئۇنچىۋالا كۆتۈرۈشلۈك ئەمەس، شۇڭا مۇنداق بەڭگى خىيالدا بولمىغىنچۇ!

—نېمە؟ سۆزۈڭنى مەنسىتمەيمەن دېگىنە، ئىچىڭنىڭ تارلىقىنى بۇرۇندىن بىلەتتىم، مانا ئەمدى...

—بولدى، بولدى! ئۇنچىۋالا رەنجىپ كەتمە،—دەپتۇ كاۋا پىلىكى، ئەگەر شۇنداق ئويغا كەلگەن بولساڭ، بۇ باراڭلار سەندىن ئايلانسۇن، قېنى، مەرھەمەت!

بۇ سۆزدىن قانائەتلەنگەن قوغۇن پىلىكى شۇنىڭدىن تارتىپ كاۋا ئۈچۈن ياساپ بېرىلگەن باراڭغا يامىشىپ چېچەكلەپتۇ، سويما تاشلاپتۇ، گۈزەل ياز ئايلىرىدا بۇ سويمىلار چوڭىيىپ يوغان - يوغان قوغۇنلارغا ئايلىنىپتۇ - يۇ، ئەمما ئاجىز ساپاقلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ تۇرالمىغاچقا «پوك - پوك» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ، يېرىلىپ كېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن»، «ئۆز ئەقلى ۋە ئەمەلىي كۈچى بىلەن ھېسابلاشماي تۇرۇپ قىلىنغان قارىغۇلارچە ھەرىكەتتىن پۇشايمانلىق نەتىجە چىقىدۇ» دېگەن تەمسىل ۋە يەكۈنلەر ئاشۇ ۋەقەدىن قالغانىكەن.

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە.

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى


## هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق سانلىرىدىن 2004 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلاشقۇچىلار: **ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتىمىن**

تېلېفون: **4554017 (0991)**